# تامچە

ئىلمى - تەتقىقات ژورنىلى 1995 . ئۆكتەبىر 3 - سان

مۇتەپەككۇر ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۆرنەكلەر،
غەرب ۋە ئىسلام دۇنياسىغا نەزەر

خۇشخەۋەرلەردىن تۈرنەكلەر :

---

## هەر مەۋجۇدات بىر مەخلۇقتۇر.

## هەر بىر گۇل بىر مەكتۇپتۇر.

**ئاللاھ‘نىڭ ئىپتى بىلەن باشلايدۇ.**

ئۇنىڭ لۇتپى بىلەن تەبەسسۇم قىلىدۇ.

ئۇنىڭ سەنئىتىدىن خۇش خەۋەر بېرىدۇ.
بىلىپ ئوقۇغان كىشى، ئۇنى پۈتۈن مەنىلىرى بىلەن ئوقۇيدۇ.

**هەر مەۋجۇدات بىر مەكتۇپتۇر.**
**ئوقۇغان، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان،**
**هەر مەۋجۇدات بىر ئالەم.**
**دۇنيانىڭ بىلدۈرگىنىنى، هەر مەۋجۇدات**
**هىڭلەرچە تىل بىلەن بىلدۈرىدۇر ئۇنىڭغا.**

— دۇنيا بىلەن پۈتۈنلىشىڭ! —

ئانا ۋەتەندە ۋە چەتئەلدە سىز بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشۋاتقان بۇ هازىرقى زامان مودېرن ئۇيغۇرچە كومپيۇتېر پۇرگرامىسى سىزدىمۇ بولسۇن. بۇ پۇرگرام: **ئەرەپ يېزىقىدىكى بارلىق يېزىقلارنى** پۈتۈن دۇنيا يېزىقلىرى بىلەن باراۋەر يازالايدۇ.

بۇ پۇرگرام M.S. DOS بىلەن ئىشلەيدۇ.
پۇرگرام هەققىدە كەڭ مەلۇمات ئالماق ئىستىسىڭىز، بىز بىلەن ئالاقەلاشسىڭىز بولىدۇ.

## ــــ ئاڭچە ــــ

« قوش ئايلىق ئىلمى تەتقىقات ژورنىلى »


**تەپسىر** ــ تەرجىمە: ئا. تۇران.......... 1

**هەدىس** ــ تەرجىمە: ئا. قارقاش......... 4

**ئانا ۋەتەن تارىخىدىن**... (1946 ـ 1948)

ئا. قارقاش............................ 16

**هىكمەتلىك سۆز**........................ 27

**بىلىم ئاللاھ‘دەلىللىرىدۇر**

تەرجىمە.......... ئا.قارقاش.............. 28

ئۈچ شېئىر. سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى. 34

**ئىلىم ـ تېخنىك** ...ئا. قارقاش........... 35

**ئىسلامنىڭ ئاساسى پىرىنسىپلىرى.**

ئەبۇئەلا مەۋدۇدى ........................ 36

**مەدەنى ئىنسان**

ئا. قارقاش............................ 40



**ئادرېسىمىز :**

Abduljelil Karkaş
Hausnerstr. 9
85551 Kirheim. b. M
Germany
Tel 49/89/904 53 40
Fax-Modem49/89/904 61 55

تارقىتىش ئادرېسىمىز :

Abdulcelel Turan
Yeni Dogan Mah. Sok. 41
No. 7/4 Tel: 558 40 92
Zeytinburunu - Istanbul

## — قۇرئان كەرىمدىن —

فى زىلالىل قۇرئان ـ پروففسور . سەيىد قۇتۇپ

## بسم الله الرحمن الرحيم

لِإِيلَٰفِ قُرَيْشٍ ۝ إِيلَٰفِهِمْ رِحْلَةَ ٱلشِّتَآءِ
وَٱلصَّيْفِ ۝ فَلْيَعْبُدُوا۟ رَبَّ هَٰذَا ٱلْبَيْتِ ۝ ٱلَّذِىٓ
أَطْعَمَهُم مِّن جُوعٍ وَءَامَنَهُم مِّنْ خَوْفٍۭ ۝

## سۈرە قۇرەيش

مەككىدە نازىل بولغان 4 ئايەت

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ‘نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

**قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن (1) ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپەردە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن (2) بۇ ئۆي ( يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى (3 ـ 4)**

ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەبىنى بىنا قىلىپ ئۇنى پاكلىغاندىن كېيىن ؛ ئى رابىم! بۇ يەرنى ( يەنى مەككىنى ) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھ‘غا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋەلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن ؛ دېدى. ( 2 ـ سۈرە 126 ـ ئايەت ) دەپ ئاللاھ‘غا دۇئا قىلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ‘مۇ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلدى. كەبىنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنى ھۆكۈمدارلارنىڭ دىكتاتۇرلىغىدىن زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلدى. ئۇيەرگە سېغىنغانلارنى خاتىرجەم قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىنسانلارنى پۈتۈن قورقۇنچلاردىن قۇتقۇزدى. ھەتتا ئىنسانلار پاسىقلىشىپ رەببىلىرىگە شېرىك كەلتۈرۈپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغان دەۋرلەردىمۇ ئۇلۇغ ئاللاھ‘نىڭ بۇ بەيتۇل ھەرەم ئۈچۈن ئىرادە قىلغىنى بولدى.

فىل سۈرىسىدە بايان قىلىنغىنىدەك، فىل ئىگىلىرى ئۇ يەرنى يىقىش ئۈچۈن كەلگەندە ئۇلۇغ ئاللاھ‘ بۇيەرنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلىدى ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قوغدىدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغانلارمۇ جانابى ئاللاھ‘نىڭ شۇ ئايەتتە ئېيتقىنىدەك كەلگەن ئىدى: ئۇلار ( يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان ( جاي ) قىلدۇق، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىۋاتىدۇ.

( 29 ـ سۈرە 67 ـ ئايەت )

فىل ۋە قەسى ئەرەبلەردە، ئەرەب جېزىرىسىنىڭ ھەرتەرىپىدە كەبىنىڭ ھۆرمىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە قۇرەيشتىن بولغان مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھۆرمەتكارلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com



شەكىللىنىشىدە ئۇبدان تەسىرى بولدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە خاتىرجەم يۈرۈشىگە يول ئاچتى. نەگە بارسا شۇ يەردە ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتكە سازاۋەر بولۇپ، مۇھاپىزە قىلىنىشىغا سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ جەنۇبتىكى يەمەندىن شىمالدىكى شامغا قەدەر كەڭەيگەن ئىككى بۈيۈك تىجارەت يولىنى ئېچىشقا، كارۋانلار يولى بىلەن بۇئىككى ئانا يولنى ھەر كەتلەندۈرۈشكە سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىككى بۈيۈك تىجارەت كارۋىنىنى شەكىللەندۈرۈشكە زېمىن ھازىرلاندى. بۇ كارۋانلاردىن بىرسى قىشتا يەمەنگە، يەنە بىرسى يازدا شامغا باراتتى.

ئەرەب جەزىرىسىدە بۇ مەزگىل خاتىرجەملىك ۋە ئىنتىزام بولمىغان تاجاۋۇزچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر دەۋرى ئىدى. ئەنە شۇنداق ھۆكۈمەتسىزلىك ئىچىدە كەبىنىڭ خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىك ئىچىدە بولۇشى ئۇنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلارغا بۇ ھەشەمەتلىك تىجارەت كارۋانلىرىدا ئۇلارغا خاتىرجەملىك ۋە سالامەتلىك كاپالەتلىك قىلاتتى. بولۇپمۇ قۇرەيشنى ئوچۇق بىر ئىمتىيازغا ئىگە قىلاتتى. ئالدىلىرىغا خاتىرجەملىك، كەڭ مەئىشەت دەرۋازىسىنى ئاچاتتى. خاتىرجەملىك، ھوزۇر ۋە ئىتتىپاقلىق ئىچىدە رىزىقلىرىغا ئۇلۇشاتتى. خاتىرجەملىك ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ پايدىلىق تىجارەت كارۋانلىرى زامان ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆرپە ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن ئىدى.

مانا پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن ئۇلۇغ ئاللاھ‘ ئۇلارغا خاتىرلاتماقتا. فىل سۈرىسىدە ئۇلارغا فىل ۋەقەسىدىكى نېمىتىنى ۋە ياردىمىنى خاتىرلاتقىنىدەك بۇيەردىمۇ ئۇلارنىڭ ياز ۋە قىش مەۋسۇملىرىدە چىقىشقا ئادەتلەنگەن تىجارەت كارۋانلىرىغا ۋە نېمەتلىرىگە دىققەتلىرىنى قوزغاتماقتا. بۇئىككى تىجارەت كارۋىنى بىلەن ئۆزلىرىگە قازاندۇرغان مول رىزىق نېمىتىگە ئىشارەت قىلماقتا. يۇرتلىرى قاقاس چۆل ۋە زىرائەت ئۈنمەيدىغان پايدىسىز بولسىمۇ ئۇلار ئاللاھ‘ نىڭ رەھمىتى بىلەن ۋە ئېھسانى بىلەن موللۇق ۋە بەرىكەت ئىچىدە ياشايدۇ. سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ قورقۇنچتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرۈلگەن نېمەتلەرنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ‘ نىڭ ئۇنىڭ ھىمايىسىدە بولۇش سەۋەبى بىلەن ئۆز ئۆيلىرىدە ۋە يۇرتلىرىدا خاتىرجەملىك ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلۇغ ئاللاھ‘ نىڭ كەبىنىڭ خاتىرجەملىك ۋە ھۆرمىتىنى ساقلىشى ۋە ھەرتۈرلۈك تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلىنىشى بىلەن سەپەر ۋە ساياھەتلىرىدە خاتىرجەملىك ئىچىدە بولۇش نېمىتىگە دىققىتىنى قوزغىماقتا.

ئاللاھ‘ تائالادىن باشقىسىغا ئىبادەت قىلىشتىن خىجىل بولسۇن دەپ ئۇلارغا بۇقەدەر نېمەتلىرىنى خاتىرلىتىدۇ. ھىمايىسىدە ۋە ھۆرمەت ۋە نېمەت ئىچىدە ياشىغان

ئاللاھ نىڭ نامى بىلەن ساياھاتكە چىقىپ ھىمايەسىگە ئېرىشىپ ساق - سالامەت ئۆيلىرىگە قايتقان ھالەتتە بۇ كەبىنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلىدىغان يەردە ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھقا ئىبادەت قىلىشتىن خىجىل بولسۇن.

ئۇلارغا مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشىنىڭ ياز، قىش مەۋسۇملىرىدە تەييارلىغان تىجارەت كىلىشىمىنىڭ ھەققى ئۈچۈن ئۇلار بۇ كەبىنىڭ رەببىگە ئىبادەت قىلسۇن. چۈنكى ئۇلار خاتىرجەملىكنى ساقلىغان بۇساياھەتلەردىن خۇرسەن بولۇشلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا كۆنۈشلىرىنى ۋە بۇ ۋەسىلە بىلەن بىر قىسىم پايدىغا ئىگە قىلغان زات ئۇدۇر. « بۇ كەبىنىڭ پەرۋەردىگارىغا قۇللۇق قىلسۇن. ( ئىبادەت قىلسۇن ) چۈنكى ئۇلارنى ئاچلىقتىن تويغۇزغان ئۇدۇر».

ئەسلىدە ئۇلارنىڭ زىمىنىغا كۆرە ئۇلار ئاچ قېلىشى لازىم ئىدى. ئەمما ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارغا نىمەتلەر ئاتا قىلدى ۋە ئۇلارنى بۇ ئاچلىقتىن قۇتقۇزۇپ تويغۇزدى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى، ۋە ئۇلار ياشىغان جەمىيەت ئاجىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار قورقۇنچ ئىچىدە ياشىشى لازىم ئىدى. پەقەت ئاللاھ ئۇلارنى قورقۇنچتىن خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى. بۇ روھلاردا ھايات تۇيغۇسىنى قوزغاتقان قەلبلەردە خىجىللىق پەيدا قىلغان بىر خاتىرلىتىشدۇر. قۇرەيش قەبىلىسى كەبىنىڭ قىممىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىرىدىكى تەسىرىنى بىلمەي قالمايتتى. قىينچىلىق ۋاقىتلاردا بۇ كەبىنىڭ رەببىدىن باشقىسىغا سېغىنمايتتى، ئابدۇل مۇتەللىپ بۇ سەۋەب بىلەن ئەبرەھەنىڭ ئالدىغا لەشكەر تارتىپ چىقمىغان ئىدى. كەبىنىڭ رەببىگە سېغىنىپ ئىشنى ئاللاھ غا تاپشۇرغان ئىدى. چۈنكى ئابدۇل مۇتەللىپ كەبىنى ئاللاھ نىڭ ھىمايە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئابدۇل مۇتەللىپ بىر بۇت ۋە ياكى بىر ھەيكەل بىلەن ئۇنىڭ ( ئەبرەھەنىڭ ) ئالدىغا چىقمىدى. ئېغىزدىكى ئىلاھلارنىڭ ئۆز ئۆيىنى ( كەبىنى ) ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى. پەقەت شۇنى سۆزلىدى: « مەن تۆگىلەرنىڭ ئىگىسى، ھېچ شۈبھىسىزكى كەبىنىڭمۇ ئىگىسى باردۇر، ئۇ كەبىنى ھىمايە قىلىدۇ » لېكىن جاھىلىيەت ئازغۇنلىقى ھېچقانداق مەنتىققە ئىگە ئەمەس ئىدى. ھېچقانداق ھەقىقەتكە بويسۇنمايتتى. ئەقىلگە مۇۋاپىق شەيئىلەرگە مايىل بولمايتتى.

بۇ سۈرە مەۋزۇسى ۋە مەزمۇنى بىلەن ئالدىنقى فىل سۈرىسىنىڭ داۋامى شەكلىدەدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرگە بىسمىللاھ بىلەن باشلانغان مۇستەقىل بىر سۈرەدۇر. رىۋايەتلەرگە كۆرە فىل سۈرىسى بىلەن قۇرەيش سۈرىسى ئوتتۇرىسىدا توققۇز سۈرە نازىل بولغان. بىراق قۇرئاندىكى تەرتىپ بويىچە بىر يەردە كەلمەكتە. شۇنىڭ بىلەن ئىككى سۈرىنىڭ مەۋزۇسىنىڭ بىر - بىرىگە يېقىنلىقى كۆرۈلمەكتە.

تەرجىمە قىلغۇچى ئابدۇلجېلىل تۇران

www.uyghurkitap.com

## ھەدىس شەرىپتىن

« جەۋامىئۇلكەلىم - رىزائىددىن فاخرىددىن »

قال رسول الله صلى الله عليه والسلم:

« سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەپ بۇيرىيدۇ »

اَلْعُلَمَاءُ اُمَنَاءُ اللهِ عَلىٰ خَلْقِهِ

**تەرجىمىسى: « ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ خەلق ئارىسىدىكى ئەمىن بەندىلىرىدۇر »**

بىر چوڭ شىركەت ياكى چوڭ بىر زاۋۇتنىڭ ئۈستىدە « ئەمىن » يەنى ئىشەنچلىك مەسئۇل بولۇپ ئىشنى باشقۇرغۇچى كىشى ئۈچۈن قانچىلىك كامالەت لازىم بولسا ۋە شۇ باشقۇرغۇچى ياخشى يامان ئىشلار ھەققىدە مەسئۇل بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن خەلقلەر ئۈستىگە ئامانەتدار قىلىپ قويۇلغان ۋە شۇ ۋەزىپىسى سەۋەبىدىن ئۈستىگە نۇرغۇن خىزمەتلەر يۈكلەنگەن ئالىملارمۇ ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، نوپۇسى ۋە ئېتىبارى نىسبىتىدە چوڭ مەسئۇلىيەت ئاستىدا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەزرىتىدىن « ئەمىن » يەنى ئىشەنچلىك دىگەن مەنسەپكە چىقىرىلغان « ئالىم » لارنىڭ خىزمەتلىرىدىن بەزىلىرى بۇلار بولسا كېرەك:

1) شەرىئەت ۋە دىن ھۆكىملىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك، راسۇلۇللاھ ۋە ساھابە تابىئىنلەردىن رىۋايەت قىلىنمىغان نەرسىلەرنىڭ « دىن » قاتارىدا يۈرگۈزمەسلىكى ھەققىدە نازارەت قىلىش.

2) دىنى ياكى ئەمەلى جەھەتلەردە شۈبھىلىك مەسىلىلەر مەيدانىغا چىققاندا پەقەتلا ئۆزىنىڭ پىكرى ياكى تەقلىت ( شەخسلەرگە - ئۆرپى - ئادەتكە ئەگىشىش ) بىلەن ئەمەس بەلكى قۇرئان ۋە سۈننەت (ھەدىس ) نىڭ تەلىۋىگە مۇۋاپىق ئىشنى ھەل قىلىش.

3 ) مۇسۇلمانلارنىڭ باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاياق - ئاستىدا خارلانماسلىقى، ھايات ۋە تۇرمۇش كۈرىشىدە يېڭىلىپ قالماسلىقى، مىللەتنىڭ ئەدەبى، دىنى، ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن سالامەت بىر « مىللەت » بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن ياخشى چارىلارنى تېپىش ئومۇمەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادەتلىرى ھەققىدە ئۇممەتكە رەھبەر بولۇش ۋە ھەم شۇ ئىشنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئۈستىدىكى قەرىزنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلۇش مەقسىتى بىلەن قىلىش.

4 ) گۈزەل ئەخلاق ۋە ياخشى تۇرمۇش كۆچۈرۈشتە مىللەتكە ئۈلگە بولۇش.

5 ) قۇرئان كەرىمنىڭ تاپشۇرغىنىدەك « دىنى » چۈشىنىش ۋە باشقىلارغىمۇ شۇنداق چۈشەندۈرۈش.

6 ) قۇرئان كەرىم بۇيرىغان تەرىقىدە ئىجتىمائى، زامانىۋى، مەدەنى ۋە ئەخلاقى ئىشلارغا خىزمەت قىلىش.

7 ) ئۆزىگە قارىتا خەلقلەرنىڭ ھۆرمەت ۋە تازىم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماسلىق.

8 ) « دىن » ۋە « ئىلىم » نى مال يىغىش ۋە دۇنيا ھاسىل قىلىشقا سەۋەب ۋە ۋاستە قىلماسلىق.

9 ) يامان ئىش ـ ھەر كەتلەردىن، نومۇمەن ؛ دىنىي ؛ ئىشلار توغرىسىدا ئېتىبارسىزلىق قىلىشتىن ساقلىنىش.

10 ) ھساپ ھندىسە قائىدەلەرنى، كائىنات ۋە تەبىئەت قانۇنلىرىنى ۋە نومۇمەن قەتئى دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىلەرنى ؛ دىن ؛ نامىدىن ئىنكار قىلماسلىق ۋە ئۇلارغا ؛ دىن ؛ نامىدىن قارشى چىقماسلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلماسلىق.

11 ) ئۇممەتنىڭ ئۆز ئارا ئىتتىپاقى ۋە مۇناسىۋىتىنى ئۈزىدىغان، پارچىلايدىغان پىتنە ـ پاساتلارغا يول قويماسلىق.

بۇنىڭدىن باشقا ۋەزىپىلەرمۇ بولۇشى بەلكى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

بىر ئالىم (مۇللا) ئۆزىدە بولغان ئىلىم ۋە ئارتۇقلۇق سەۋەبى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرسە، ئۇلارنىڭ تازىم قىلىشىنى، ھۆرمەت قىلىشىنى كۈتسە كىشىلەرنىڭ يىرىك مۇئامىلىلىرىنى، ئاچچىق گەپلىرىنى كۆتىرەلمەي ؛ قەدرىمنى بىلمەيدۇ دەرىجەمنى تونۇمايدۇ، ھەق يول كۆرسەتكىنىمگە، ئىلىم ئۆگەتۈپ نوقۇتۇپ قويغىنىمغا مۇكاپاتلىمايدۇ ؛ دىگەندەك پىكىرلەرنى كۆڭلىدە ساقلىسا، مىللەتتىن خەلقىدىن ياخشى مۇئامىلە كۆرمىگىنىگە رەنجىپ يۈرسە، ئۇلاردىن قېچىپ ( يالغۇز تۇرۇشنى خالاپ ) ئۇلارنىڭ شاتلىقلىرىدىن ۋە قايغۇلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرسە، ئۇنداق ئالىم ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىنى ئەمەس بەلكى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئۆتىيەلمىگەن ۋە ؛ ئالىم ئىشەنچلىك ؛ دىگەن ئىسمىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە لايىق بولمىغان پىچەك، مىسكىن جىنايەتچى ۋە خائىندۇر.

ئادەم باللىرىنىڭ بەختى ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىرىشىش يولىدا بېشىدىن ئايىقىغىچە ھاردىلىنىپ ئېنى ئىككىگە بۆلۈنۈپ تاشلانغۇچىلار بەدەنلىرى تۆمۈر تاغاقلار بىلەن تارالغۇچىلار دوزاخدەك قىززىغان ئوتلارغا تاشلانغۇچىلار بولدى. بۇلار شۇ ۋاقىتىدىمۇ ئاللاھ تائالاغا نارازى بولۇشتىن، خەلقتىن ئاغرىنىشتىن ساقلاندى ئۆز يولىدا چىڭ تۇردى.

؛ تائىپ ؛ خەلقلىرى تاشلار بىلەن ئۇرۇپ بېشىنى ۋە پۇتلىرىنى قاناتقان ۋاقتىدىمۇ راسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ؛ ئى رەببىم! ئەگەر غەزىپىڭگە ئۇچرىشىمدىن ساقلىساڭ، ھەرقانداق ئېغىرلىققا چىداش مىنىڭ قەرزىمدۇر. ؛ دەپ مۇناجات قىلغان ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا تاش ئېتىپ مۇبارەك چىشلىرىنى سۇندۇرغان ۋاقتىدا ؛ ئى ئاللاھ ! قەۋمىمگە ھىدايەت قىل ( كۆڭلىنى ئىسلامغا مايىل قىل ) ئۇلار بىلمەيدۇ ( مەزۇردۇر ) دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ۋەزىپىسىنى تونۇغانلىق ھەم ئۆز ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىق، گەردەندىكى قەرزنى ئاداقىلىش ئۈچۈن ئىرىشقانلىقدۇر.

ھەق سۆز سۆزلەشتىن باشقا گۇناھى بولماي ئۆلتۈرۈلگۈچى، تۈرمىلاردا ياتقۇچى، ئۆز يۇرتلىرىدىن، ئائىلىلىرىدىن سۈرگۈن قىلىنغۇچى ئالىملار ئىسلام دۇنياسىدا ساناپ تۈگىتەلمىگۈدەك دەرىجىدە كۆپتۇر. بۇلار مۇشۇ بالا- مۇسىبەتلەرنى سەبرە ۋە رىزالىق بىلەن قارشى ئالدى. كۆڭلىنىڭ بىرىدە ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن مۇشەررەپ بولۇدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، شۇ سەۋەبدىن خەلققە مىننەت قىلمىغان ۋە ئۇلاردىن ئاغرىنمىغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئەمىن بولغانلىق ۋە ئالىملىق ئەنە شۇدۇر.

بىزدە ئالىم ( مۇللا ) دېگەن سۆز كۆپ. دىندارلىق پۈتۈنلەي بوش!...

سەلەپ ( بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار) نىڭ ئادىتىچە ئالىم بىلەن مۇجتەھىد ( مەسىلەرنى قۇرئان ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ھەل قىلغۇچى ) دېگەن سۆزلەر بىر ئۇقۇمدا بولسىمۇ، بىزدە ئالىم نامىنى ئېلىش ئۈچۈن رۇسچە يېزىلغان بىر بەت قەغەزگە ئىگە بولۇش يېتەرلىك ( مۇدەررىسلىك، ئاخۇنلۇق ۋەزىپىلىرىگە بەلگىلىنىپ گۇۋانامىلەر بېرىلسە ئۇ كىشى ئالىم مولىلا بولىدۇ). سۆز تەشۋىقلىرى ساغلام بولمىغان، ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدە سۆزلەيدىغان ھەدىسلىرى يالغاندىن توقۇلغان ياسىما سۆزلەر بولغانلىقىنىڭ، مەھەللە خەلقلەرگە قىلىدىغان نەسىھەتلىرى خۇراپە ( ئاساسسىز ئويدۇرما) بىھۇدە گەپلەر بولغانلىقىنىڭ، ئىلمىي مەسىلەرگە قارىتا دەلىللىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ تىگى يوق گەپلەرىدىن ئىبارەت بولغىنىنىڭ زىيىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزدە ئۇلەما بەك كۆپ، ھاجەتتىن تاشقىرى كۆپ. ھەتتا چاي نەزىرگە چاقىرىدىغان باغاقلاردىمۇ ئاخۇنلار يىغىلىشقا كىلىڭلار! دېگەن گەپلەر يېزىلىدۇ. ناھايىتى ئەزانچىلىق.

ھەزرىتى راسۇللاھ« ئالى ۋە ساپ ھەم ئادەم باللىرىنىڭ تۇرمۇشىغا مۇۋاپىق، ئىلمىي ـ پەننىي ۋە ئەخلاقى بىر « دىن » بىلەن كەلگەن ئىدى. لېكىن ساھابىلار ۋە تابىئىنلاردىن كېيىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا بۇ دىنگە يات ( باشقا دىندىكى ) خەلقلەرۋە مەزھەپلەردە بولغان خۇراپىلاردىن بەك كۆپ نەرسىلەر قوشۇلدى. ئىلاھى ھەقىقەتتىن ئىبارەت بولغان قۇرئان كەرىمگە خىلاپ قارمۇ ـ قارشى بولغان ئۆرپى ئادەتلەر رەسمىيەتلەر ۋە ياسالما دىنلار پەيدا بولدى. بۇ سەۋەبدىن ھىساپسىز مەزھەپلەر ۋە سۇلۇكلار پەيدا بولدى. قەبرىلەر ئۈستىگە ئىبادەت خانىلار ۋە دۇئا خانىلار سېلىش، چىراقلار ياندۇرۇلۇپ نەزرى ماللار، قۇربانلىقلار قىلىش ۋە ئۇمۇمەن تەبەررۇ كىلىنىش قەستى بىلەن ئۈچ مەسچىددىن باشقا ( بەيتۇللاھ« ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدى، بەيتۇل مۇقەددەستىن باشقا ) ئورۇنلارغا، بولۇپمۇ ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىگە ياخشى كىشىلەرنىڭ بۇلاقلىرىغا، غۇجىلارنىڭ تاغلىرىغا ساۋاپ ئۈمىدى بىلەن سەپەر قىلىش ئۆلۈكلەرنىڭ روھىدىن مەدەت سوراش، بالاغا ئۇچرىغاندا « ئى پالانى مەدەت » دېگەندەك دۇئالار قىلىش، مىيتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە نەزىر بېرىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھېچبىرى راسۇلۇللاھ« ئېلىپ كەلگەن ئىسلام دىنىدا يوق ئىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ۋەتىنىنى ۋە مەملىكىتىنى ساقلاش توغرىسىدا قۇرئان كەرىم ئۆگەتكەن يولىيورۇقلارنى راسۇلۇللاھ« ئۆز ئەمىلى بىلەن كۆرسەتكەن. ئىسلام ھاپىزلىرى ( راسۇلۇللاھ« ھەدىسلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئۇسقا قالدۇرغۇچى مۇھەدىسلەر ) راۋايەت قىلغان ئىدى. كېيىنكى مۇسۇلمانلار بولسا مەملىكەتلىرىنى ساقلاشنى تۇپراق ئاستىدا چۈرۈپ تۇگۇگەن شېيخ ئىدرىس، شازىلى ئابدۇلقادىر جەيلانى، بەھائىددىن نەقشبەندىلەرگە تاپشۇردىلار.

راسۇلۇللاھ« ھەزرەتلىرى: « مەن سىزلەرگە قۇرئان بىلەن سۈننەتنى قويۇپ كەتتىم، سىلەر شۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار، ئېغىز چىشىڭلار بىلەن چىشلەپ ئېسىلساڭلار يولدىن ئازمايسىلەر » دەپ نىجات يولىنى كۆرسۈتۈپ

تۇرسىمۇ ۋە شۇ سۆزنى بەزى بىر زامان ۋە بەزى مەملىكەت خەلقلىرىگە خاس قىلماي پۈتۈن ئۈممەتكە ئاخىرزامانغا قەدەر داۋام قىلىدىغان مۇسۇلمانلارغا ئومۇمى جەھەتتە سۆزلىگەن بولسىمۇ، ھەم بۈيۈك مۇجتەھىدلەر: «بىز نىڭ يولىمىز قۇرئان ۋە ھەدىسلەرگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت، توغرا ھەدىسلەرگە خىلاپ كۆرۈلگەن سۆزلىرىمىز ئېتىبارغا ئېلىنمىسۇن! ئۇ سۆزىمىزگە ئەمەل قىلىنمىسۇن!» دېگەندەك مەزمۇندا نەسىھەت قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كېيىنكى خەلقلەر: «ئىماممىزنىڭ سۆزى بىلەن قۇرئان ئايىتى ئارىسىدا ئوخشاشلىق كۆرۈلسە ئىماممىزنىڭ سۆزىگە (مەزھەبىمىزگە) ئەمەل قىلىمىز، ئەگەر ئىماممىزنىڭ سۆزى بىلەن ھەدىس قارمۇ-قارشى كەلسە ھەدىسنى ئېتىبارغا ئالمايمىز» دېگەندەك قائىدىلەر تۈزدى. ئىجتىھاد ھېچ بىرزامان ۋە ھېچبىر مەملىكەتكە خاس قىلىنمىغان. ئاللاھ‘ تائالانىڭ پەيزى توختاپ قاغانلىقى ھەققىدە دەلىل كۆرۈلمەي تۇرسىمۇ بىزنىڭ كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن «تۆرت مەشھۇر مەزھەب دىن بىرىگە ئەگىشىش لازىم مەزھەبتىن-مەزھەبكە يۆتكەلگۈچى جازالىنىشقا تېگىشلىك، مەزھەبلەرنى بىرلەشتۈرۈش دۇرۇس ئەمەس. ئەمدى قۇرئان ھەدىس بىلەن دەلىل كەلتۈرۈدىغان زامان ئۆتۈپ كەتتى» دېگەندەك قارارلار ئېلان قىلىندى. ھەدىسلەرگە، ئايەتلەرگە ئېسىلىشنى توغرا كۆرۈشنى ئىسلام دىنىدىن يانغاندەك بىر ئىش قىلىپ ئومۇمى خەلق كۆرسۈتۈلدى.

راسۇلۇللاھ‘ ھەزرەتلىرى پەرىز نامازلارنى جامائەت بىلەن ئوقۇش ھەققىدە كۆپ ئەمرى-پەرمانلار چىقاردى، ساۋاپلار ۋەدە قىلدى. مەسجىدلەر ياساش ۋە ئەزان ئوقۇشنى يولغا قويۇشتىكى ئەسلى مەقسەت ئۈممەتنى بىرجامائەت ۋە بىر ھەيئەت ھالىغا كەلتۈرۈش ئىدى. لېكىن مەزھەب تەرەپبازلىقىغا مۇبتىلا بولغان خەلقلەر راسۇلۇللاھ‘نىڭ ئاشۇنداق بۇيرۇقلىرىغا ۋە ئاشۇنداق مەقسەتلىرىگە قارشى چىقتى. مەسجىد جامائىتىنى تۆرلۈك گورۇھلارغا ئايرىدى. بۇ ئىش پۈتۈن دۇنيادا بولغاندىمۇ كەبە ئەتراپىدا ۋە راسۇلۇللاھ‘نىڭ يېنىدا ئىشلەنمەسلىكى، ئەدەپ قىلىنىشى بۇ ئىشتىن ساقلىنىشى لازىم ئىدى (ھەرەمدە تۆرت مەزھەپ كىشىلىرى تۆرت جامائەت بولۇش توغرا ئەمەس ئىدى) لېكىن بۇ ئىش ھەممىدىن بۇرۇن شۇ ئورۇنلاردا قىلىندى. مانا بۇ ئەھۋال «ئاللاھ‘نىڭ ئەمىنلىرى» ئۈنۋانى بېرىشكە لايىق بولمىغان «ئالىملار»نىڭ جاھىللارچە تەرەپتارلىشىشى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلدى.

زامانىمىزغىچە (يەنى مىڭ يىل بولدى) ئىسلام ئالىملىرى ئۆزلىرى ئىجتىھاد قىلالمىدى ۋە ياكى ئىجتىھاد قىلىش ئۈچۈن باشقىلارغا يول قويمىدى. ئەقىللىرىنى، پىكىرلىرىنى تۆمۈر چەمبەرلەر بىلەن باغلىدى. بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بەك ئېچىنىشلىق ۋە ناھايىتى ھەسرەتلىك بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ پىكىر ماشىنىلىرى ئىشتىن توختىدى. ئەقىللىرى قارىيىپ ئىشتىن چىقتى. پۈتۈن خەلقلەر يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتدا بۇلار تۆۋەنلەپ كەتتى. غەرىپ خەلقلىرى شۇنچىۋىلا ھۈنەر سانائەتلەرنى ئۆگىنىپ شۇنداق چوڭ ئالىملار يېتىشتۈرۈپ پۈتۈن دۇنياغا بىلىم قۇياشى تۇغدۇرۇۋاتقان ۋاقىتنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆزىدە مۇسۇلمانلار پۈتۈنلەي ئىشتىن چىقتى. دۇنيانىڭ ئەڭ خار ھالى خاراپ بىر خەلقى بولۇپ ياشاشقا مەھكۇم بولدى.

﴿وَمَا ظَلَمَهُمُ اللهُ وَلكِنْ كَانُوْا اَنْفُسَهُم يَظْلِمُوْنَ﴾
( ئاللاھ تائالا ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى. لېكىن ئۇلار ئۆزىگە - ئۆزى زۇلۇم قىلدى )

تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش قۇۋۋىتىدىن مەھرۇم قالغان، ئەقلىنى ئىشلىتىشنى بىلىش كامالىتىدىن نەسىبىنى ئالمىغان ئادەملەر تەفسىرلەرگە ئىسلامدىن بۇرۇنقى زامانلاردىن قالغان خىيالى سۆزلەرنى، يەھۇدىي يالغانلىرىنى تولدۇرۇش بىلەنلا قانائەت قىلماي، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز خىياللىرىنى ۋە باشقا ئەپسانىلارنىمۇ قوشۇپ قويدى. شۇ نەرسىلەرگە «شەرىئەت» نىڭ سۈرىتىنى بىرىپ خەلقلەرگە تەقدىم قىلدى ۋە قىلىۋاتىدۇ. بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولغان ۋە يىراقتىن كەلگەن ھەر ئاۋازغا قۇلاق سېلىشقا ئادەتلەنگەن خەلقىمىز «يەنە بارمۇ؟» دەپ مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىسلام دىنى نامىدىن قوبۇل قىلدى. بۈگۈن بىر كىشى چىقىپ بۇلارغا بۇ توغرىدا چۈشەنچە بېرىشكە تىرىشسا ۋە بۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئاڭلىتىشقا تىرىشسا، ئۇ كىشىنىڭ نەسىبى كاپىرلىق، دىنىدىن چىققۇچى، مىسيونىر دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلىنىدۇ ۋە قارىلىنىدۇ.

دىنىي ئەسەرلەردە ۋە تەفسىر دەپ ئاتالغان كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بىز ياشاۋاتقان يەرشارىنىڭ ئۆكۈزنىڭ ( ئۇينىڭ ) مۈڭگۈزى ئۈستىدە، ئۆكۈز بېلىقنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغانلىقى؛ ئەتىگەندە ئۇسسۇملۇقلەر ئۈستىگە چۈشىدىغان شەبنەم شۇ ئۆكۈزنىڭ تىنىقىدىن پەيدا بولغانلىقى؛ ھەزرىتى ھاۋا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ئۇنىڭ ئۈچۈن سول قوۋۇرغىنىڭ سانىنىڭ كەم ئىكەنلىكى؛ يامغۇرنى پەرىشتىلەر چېلەكلەر بىلەن دېڭىزدىن سۇ توشۇپ ياغدۇرۇدىغانلىقى ئەسھابۇل كەھفىنىڭ ئىتى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تېكىسى، سالىھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسى، ئەزىز ئەلەيھىسسالانىڭ ئىشىگىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى؛ پاتقىغى يەردە كۆكرىگى ئەرشكە تېگىپ تۇرىدىغان چوڭ بىر خوراز بولۇپ ئۇ خورازنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن پۈتۈن يەر يۈزىدە بولغان خورازلارنىڭ چاقىرىدىغانلىقى؛ پۈتۈن يەر يۈزىنى قورشاپ ئالغان ۋە يېشىل زەبرەجەتتىن بولغان «كوھى قاپ» ئىسىملىك بىر تاغ بولۇپ ئۇنىڭ رەڭگى ئاسمانغا چۈشۈپ تۇرىدىغانلىقى؛ شۇ كوھى قاپنىڭ ئارقىسىدىكى جىن - شەيتانلار ئادەملەرنى ئالدانسۇن ۋە سەھەردە تاماق يېيەلمەي قالسۇن دەپ شولىسى پۈتۈن يەر يۈزىگە چۈشكىدەك ئوت قاپلاپ كېتىشى؛ ھەجرىلئەسۋاد ئەسلىدە ئاق ياقۇتتىن بولۇپ گۇناھكار ئادەملەرنىڭ قوللىرى تەككەن سەۋەبتىن قارا بولۇپ قالغانلىقى؛ بەيتۇلمۇقەددەستىكى سەخرە تېشى يەرگە تەگمەي ھاۋادا تۇرىدىغانلىقى ۋە شۇتاشتا راسۇلۇللاھنىڭ پۇتىنىڭ ئىزى چۈشۈپ قالغانلىقى؛ ئەۋج ئىبنى ئەنەق ئاتاغلىق گەۋدىلىك چوڭ بىر كىشى بولۇپ توپان بالاسىنىڭ سۈيى ئۇنىڭ ئارانلا تىزىغا كىلىدىغانلىقى ۋە توپان سۈيىدىن بېلىق تۇتۇپ قۇياشقا كۆتۈرۈپ ئاپتاپتا پىشۇرۇپ يېگەنلىكى ۋە كېيىن مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىگى؛ شەددات ئىسىملىك پادىشاھ بىر غىشى ئالتۇندىن

ۋە بىر غىشى كۆمۈشتىن قىلىپ «ئەدىن» سەھراسىدا جەننەت بىنا قىلىنغان بولۇپ شۇ جەننەت ھازىر بولغان بولسىمۇ ئادەم باللىرىغا كۆرۈنمەي يۇشۇرۇن تۇرۇشى؛ ھەر ئاي ئۈچۈن يېڭى بىر ئاي، ھەر كۈن ئۈچۈن يېڭى بىر كۈن چىقىدىغان بولۇپ فەرىشتىلەر قۇياشنى ئالتۇن ھارۋىغا سېلىپ تارتىپ ماڭدىغانلىقى؛ «ئاب ھايات» ئىسىملىك بىر بۇلاق بولۇپ بۇ بۇلاقتىن سۇ ئىچكەن كىشىنىڭ مەڭگۈ ئۆلمەي ياشايدىغانلىقى ۋە شۇ سۇنى ئىچكەنلىگى ئۈچۈن ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادا خەلقلەردىن مەخپى سالامەت ياشايدىغانلىقىغا ئوخشاش ئەسلىسىز يالغان خەۋەرلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. دىنىي ۋەز نەسھەت رەڭگىدە بويۇلۇپ مۇنبەرلەردە مېھرابلاردا مۇسۇلمانلارغا سۆزلىنىدۇ.

شەرىئەت بىلەن تەبىئەت، كائىنات (ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقات) نىڭ ئىنتىزامى ئارىسىدا مۇستەھكەم مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىش بولغانلىقى، تەبىئەت ئىلمى مۇكەممەللىشىشى بىلەن شەرىئەت ئىلمىمۇ مۇكەممەل بولىدىغانلىقى ئۈچۈن كائىنات ئىنتىزامىدىن ھەم ئىنسانلاردىكى ئەقلى ۋە بەدەنى قۇۋۋەتلەردىن ۋە ئومۇمەن تەبىئەتتىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ شەرىئەت مەقسىتىدىن خەۋەردار بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماسكەن بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار شەرىئەت بىلەن تەبىئەت بىلىملىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن مەلۇماتسىز بولۇشقا قانائەت قىلماي، بەلكى تەبىئەت بىلەن شەرىئەت ئارىسىدا زىدلىق بار دەپ ئىشىنىدۇ. ئولتۇرۇشلاردا ۋە يازغان كىتاپلىرىدا بۇ ھەقتە يېپىق ھالدا ئەمەس بەلكى ئوچۇق بولغان ھالدا سۆزلەپ ئۆتىدۇ.

تەبىئەت كۈللى بولغان يۇشۇرۇن نەرسىلەردىن ئىنتىزاملاردىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىلمى ئاڭ سىزىمغا قاراپ ئىنسانلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ تەبىئەت ئومۇمى ۋە داۋاملىق بولماي بەلكى قائىدەسىز ۋە تەرتىپسىز بولسا ئىدى خەلقلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايتتى. ھەم ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن ھەر نەرسىنى يېڭىدىن پەيدا قىلىپ يارىتىدىغان بىر ياراتقۇچى بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىشكە بولمايتتى. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ قۇدرىتى ۋە كامالىتى ھەققىدە تەنبىيە بىلەن دەلىل كۆرسىتىلگەن ئايەتلەر ئاز ئەمەس. ئەگەر بىر كىشى تەبىئەتتە تەرتىپسىزلىك ياكى قانداقتۇ بىر كەمچىلىك تاپسا، بۇ ئىش ئۇ كىشىنىڭ پىكرى توغرا ئىشلىمەسلىگىدىن، ئەقلى ساغلام ئىشلىمەسلىگىدىن بولۇدۇ. بولمىسا تەبىئەتتە كەمچىلىك، تەرتىپسىزلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ﴿ مَاتَرٰى فِىْ خَلْقِ الرَّحْمٰنِ مِنْ تَفَاوُتٍ فَارْجِعِ الْبَصَرَ هَلْ تَرٰى مِنْ فُطُوْرٍ ﴾

ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرىئەتتە تەبىئەتكە، تەبىئەتتە شەرىئەتكە قارشى زىدلىق تېپىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ نەرسىلەر «ھەق» ئىسىملىك ھارۋىغا قوشۇلغان بىر جۈپ يۈرىدىغان ئاتلاردۇر. ئەگەر بۇلار ئارىسىدا قارمۇ - قارشىلىق كۆرۈلسە ئىدى شەرىئەتنى بىرتۇرلۇك، تەبىئەتنى بىرتۇرلۇك تۈزۈش سەۋەبىدىن ئاللاھ تائالانىڭ بۇزغانلىقى لازىم كېلەتتى. ھەق تەئالا بۇنداق ئىشلارنى قىلىشتىن مۇنەززەھ

پاكتور. تەبىئەت بىلەن شەرىئەت ئارىسىدا ئوخشاشماسلىق بار دەپ بىلگۈچىلەر شۇ بىلىشىگە ئاساسلىنىپ تەبىئەت ئىلىملىرىنى ئۆگىنىشنى شەرىئەت نامىدىن مەنئى قىلغۇچىلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ئىسلام دىنىنى ياخشى چۈشەنمىگەنلىكىدىن ۋە ئۇنىڭ بىلىمسىزلىكىدىن خەۋەرى يوقلىقىدىندۇر. توغرا، شەرىئەت ئالىملىرى ئارىسىدا خاتا سۆزلىگۈچىلەر ۋە يازغان ئەسەرلىرىدە بۇزۇق فىكىرلەر يازغۇچىلار بولغىنىدەك تەبىئەت ئالىملىرى ئارىسىدىمۇ خاتا ۋە چۈرۈك ئاساسلارغا يۆلىنىپ سۆزلىگۈچىلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بۇ خاتالىقلار ۋە ئېزىقىشلار شۇ ئالىمنىڭ ئۆزىگە خاس بولۇپ، ئەسلى شەرىئەت بىلەن تەبىئەتكە بۇلارنىڭ ھېچ تەسىرى ۋە ئالاقىسى يوق. پەننىي دەلىللەر ۋە قەتئىي ھۆججەتلەر بىلەن ئىسپاتلانغان نەرسىلەرنى ئىسلام دىنى ئىنكار قىلىدىغان بولسا، بۇ ئىش بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىبارى تۆۋەنلىشىشىگە ۋە بىكار بىر نەرسە دەپ تونۇلۇشقا توغرا كېلەتتى. شەرىئەتكە ياردەم بېرىش مەقسىدى بىلەن بۇنداق يېلتىزى يوق ئەسلىسىز داۋالارغا كىرىشكۈچى كىشى دىنغا خىيانەت قىلىش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى ۋە توغرىدىن - توغرا ئىسلام دىنىغا زىيان يەتكۈزگۈچى، گالۋاڭ دوستىدىن زىرەك دۈشمەن ياخشى، دېگەن ماقالىغا توغرا كەلگۈچى كىشىدۇر.

راسۇلۇللاھ ھەزرەتلىرى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىغا ۋە ئۇزىنىڭ قېشىدا ناھايىتى مۆتىبەر ۋە ھۆرمەتلىك كىشىلەرگە، ماڭا ئىشىنىپ تۇرماڭلار! ئۆزەڭلا ئۇچۇن ياخشى ئەمەللەرنى ئىشلەڭلار، دېگەن مەزمۇندا نەسىھەت قىلىلاتتى. ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى بىلمەيمەن. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بىر ئىنسان، باشقىلاردىن پەرقىم بولسا پەقەتلا ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى خەلقلەرگە يەتكۈزۈشتىنلا ئىبارەت بولۇپ، غەيىپ ئىشلارنى بىلىشكە كۈچۈم يەتمەيدۇ، دەپ سۆزلىگەن ئىدى. بۇددىس (ھەيكەلگە چوقۇنغۇچى) لارنىڭ ئۆز روھانىلىرىنى (دىنىي باشلىقلىرىنى) خۇدالىق ۋە مەئبۇتلۇق دەرىجىسىگە كۆتۈرگىنىدەك ئىسلام دۇنياسىدا پەيدا بولغان راھىبلار ۋە دەرۋىشلەرمۇ ئۆز پىر كامىللىرىغا، بالا- قازانى توسىدۇ، غەيىپنى بىلىدۇ، دەپ تەرغىپ قىلدى. ھەتتا بۇلارنىڭ قارىشىچە ئاللاھ تائالا مەغلۇپ (پىرلەرگە كۈچى يەتمەيدىغان) ۋە ئۇلار بۇيرىغاننى قىلىدىغان بىر زات دېگەنىدەك گۇمانلارنى كەلتۈرىدىغا دەۋالارنى قىلدىلار. بۇگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ قارىشىچە ئەڭ چوڭ ئىشانلاردىن ۋە ئەۋلىيالاردىن سانالغانلاردىن بىرى: مۇشۇ تاغنى ئالتۇن بول دېسە شۇ سائەتتە ئالتۇن بولاتتى، دەپ دەۋا قىلىدۇ. بۇ سۆز يېزىلغان كىتاب (بەلكى بۇ ئۇنىنچى قېتىملىق بېسىلىشىدۇر) بېسىلىپ ۋە تارقىتىلىپ تۇرىدۇ. بىر تىينلىق ئەھمىيىتى بولمىغان مەسىلەر توغرىسىدا، ھەقنى سۆزلىمەي شۇك تۇرغۇچى شەيتاندۇر، دەپ دۇنياغا جارسالغۇچىلار ۋە، پىتنە ئاشكارا بولسا، ئۇنىڭغا ئالىم كىشى بىرنىمە دېمەي شۇك تۇرسا گۇناھى شۇ ئالىمغا، دېگەنلەرنى ئوقۇپ ئەمرى

مەرۇپ قىلغۇچىلارنىڭ ھېچبىرى تاۋۇش ئۈن چىقارمايدۇ. بۇلار ئۆزىنى ؛ بىر نەرسىنى يارىتىشنى ئىرادە قىلسا، بولغىن! دەيدۇ، شۇ ھامان بولۇدۇ ؛ دېگەن سۈپەت بىلەن تونۇتقۇچى زات ئالدىدا تەسلىم بولۇشقا، قۇللۇق ۋە ئۆزىنى ئاجىز كۆرسىتىشكە مەجبۇردۇر. دەرۋىشلەردىن ئەنئەنە بولۇپ كەلگەن تەككىيەلەردىن تارالغان ھۆكمەت ۋە مۇناقەبە كىتابلىرىدا سۆزلىنىدىغان چېكىدىن ئاشقان ياسالما يالغان سۆزلەرنىڭ كەشپى - كارامەت، خارىق ئادەت خەۋەرلىرىنىڭ ئېگى - چېكى يوق. بۇ كىتاپلارنى ۋە ھۆكمەتلەرنى ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن كۆڭلى بىلەن شۇنچە كۆچ - قۇۋەتكە ئۇلۇغلۇقا ئىگە بولغان ئەۋلىيالارغا يۆلىنىشكە، ئاللاھ تائالانى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ ئۇنۇتۇشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى بىلمەسلىككە مەجبۇر بولۇدۇ. ھالبۇكى ئوبدان تەكشۈرۈلسە بۇنداق خەۋەرلەرنىڭ ئىناپ ۋە دىنى كام بولغان ئادەملەر تەرىپىدىن شەخسى ۋە ئومومىي مەنپەئەتلەر، بەلكى كۆپىنچە سىياسى مەقسەتلەر يولىدا ئىشلەپ چىقىرىلغانلىقى مەلۇم بولۇدۇ. مانا بۇنىڭدەك تېگى يوق ھېكايىلەر ۋە ئاشۇرما ئەپسانىلەر ئىسلام دۇنياسىغا تۈركىستان سەھرالىرىغا قەدەر تارالدى ۋە راسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلگەن ساپ - سۆزۈك ۋە ئالى دىن ئىسلام نېمىتى ئۈستىگە قارا بۇلۇت بولۇپ باستى. بۇ سەۋەبدىن ئىسلام دىنىنىڭ زىنەت ۋە ساپاسى كەتتى، دىنسىز ۋە دىن دۈشمەنلىرىگە ئىسلام دىنىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەخمەق - ئەقىلسىز ۋە تۆۋەن قاراشتەك تۆھمەتلەر قىلىشقا سەرمايە ھازىرلاندى. إِنَّا لِلّٰهِ وَإِنَّا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ وَ إِنَّا إِلٰى رَبِّنَا لَمُنْقَلِبُونَ !

ئىش قىلىش ۋە كەسىپ قىلىش، ھۈنەر - سانائەت ئۆگىنىش، پايدىلىق بىلىملەر بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ قولدىن كەتكەن نەرسىسى بولۇپ، ئۇنى قايەردىن تاپسا شۇيەردىن قولغا ئېلىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن لازىم ئىش، ھەتتا نىيەت توغرا بولسا ئىبادەت. دەرىجىسدە ساۋابقا ئىگە بولىدىغان بىر ئىش تۇرۇغلۇق، مۇسۇلمانلارنى ھۈنەر ئۆگىنىشتىن، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىشتىن ھۇر كۆزتكۈچىلەر، خەلقلەرنى مازارلاردا ۋە سۆھبەتلەردە تۇتۇپ تۇرغۇچىلار، ؛ شېيخسىز كىشىنىڭ شېيخى شەيتاندۇر ؛ دەپ بىمەنە ۋە ئاساسسىز سۆزلەر بىلەن نادان خەلقنى قورقۇتۇپ مۇرىد بولۇشقا زورلىغۇچىلار پەيدا بولدى ۋە بۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. مانا شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك پەلۋان تېنى ساق ئادەملەر ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىسىدە، ئۇلۇغ يەرلەردە سەدىقە ۋە نەزرە تەما قىلىپ يېتىشقا ۋە ؛ خەلىپىلىك ؛ نامى بىلەن ئىقتىسات توپلاشقا باشلىدى. باشقا مىللەتلەرگە ئارلىشىش، ھۈنەر - سانائەت ئۆگىنىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يولىغا كىرىشىشتەك ئىشلارغا ھەرتۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بولۇپمۇ ؛ كاپىرغا ئوخشىغانلىق ؛ دېگەندەك باھانەلەر بىلەن مەنئى قىلىندى. بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىدىن ئىسلام مىللىتى ھەرجەھەتتىن پالەچ كېسىلىگە ئۇچرىدى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسى، ئىجتىمائى ۋە زامانىۋى، دىنىي ۋە

دۇنياۋى، پەننىي ۋە ئىلمىي ئىشلاردا ئاۋازلىرى ۋە تۆھپىلىرى يوق. بۇلار كۈندىن ـ كۈن، سائەتمۇ سائەت تۆۋەنلەپ كېتىپ بارماقتا، مال ـ مۈلۈك كىدىن، دەۋلەت ۋە نوپۇسلىرىدىن، ئېتىبار ۋە شۆھرەتلىرىدىن ئايرىلماقتا، دوزاخ ئويمانلىرىدەك چوڭقۇر بولغان خارلىق قۇدۇقىغا چۈشۈپ كېتىپ بارماقتىدۇر.

ساھابىلار ۋە سەلەپلەر تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ ئىلىم ۋە دىن مەركىزى بولغان ۋە ھېساپسىز ئالىملار يېتىشتۈرگەن تۇنىس ۋە قىران، جازائىر ۋە فاس بۈگۈنكى كۈندە پاراكەندە ۋە ۋەيران ھالدىدۇر.

جاھىز تەرىپىدىن ئەرشكە كۆتۈرۈلۈپ ماختالغان تۈركلەرنىڭ ئاناۋەتەنى تۈركىستان ( بۇخارا ) قەبرىلەرگە، قۇربانلارغا، نەزرە، نىياز، قەلەندە، دەرۋىش، مۇرىدلىق، ئىشانلىق، مەدداھچىلىق ۋە باشقا ....... لارغا گىرىپتار بولدى. بۈيۈك ئىلىم مەركىزى بولغان بۇخارادا بۈگۈنكى كۈندە تەرتىپكە سېلىنغان ۋە ئىلىم ئۆگىتىش قائىدىلىرىنى بىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ باشقۇرۇۋاتقان بىرمۇ مەكتەپ يوق، ھەقىقى مەنادا بىرمۇ ئالىم بارلىقى مەلۇم ئەمەس. كاتتا ھەدىس راۋايەت قىلغۇچىلار، مۆتىبەر تەپسىر يازغۇچىلار، دىننىڭ ماھىيىتىنى بىلگۈچى ئالىملار ۋە ھوقۇق شۇناسلارنى يېتىشتۈرگەن بۇخارا مەدرىسلىرىدە، بىر قانچە يۈز يىلدىن بېرى ئىلىمنىڭ ئورنىغا كىتاب دىباجىلەر، ھېچ نېمىگە پايدىسى يوق قۇرۇق بەس ـ مۇنازىرىلەر، ئىلىم ساھەسىدە ھېچ قىممىتى يوق كىشىلەر تەرىپىدىن نەقىل قىلىنىپ يېزىلغان ئىزاھات ۋە شەرھىلەر، خاتا تەرجىمىلەرگە ئاساسلىنىپ تۈزۈلگەن گىرىۋ يالغانلىرى ۋە مەناسىز ھەر ـ خىل سەپسەتەلەر ئوقۇلماقتا. بۇ كىتاپلارنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ بۇ ئالىملار تەجرىبىلەرگە ئاساسلانغان بۈگۈنكى پەلسەپە ۋە ھەقىقى ئىلىم ئالدىدا نېمە ئىشقا يارايدۇ؟ ( شەمسىيە، ھاشىيە، مىرزاھىد ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان گىرىۋ بىھۇدىلىرىنىڭ دىنى ئىلىمگە نېمە پايدىسى بار دىمەكچى )

بۈرۈنقى ئاتا بوۋىلار، ھىممەت ۋە غەيرەت ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئىلىم ۋە دىن يولىغا سەدىقە قىلىپ قالدۇرۇلغان ۋەقپىلەر، مىڭلىغان تومىلاردىن ئىبارەت بولغان قىرائەتخانىلار بۈگۈن قايەرگە كەتتى؟ خەيرىسىز خەلىپىلەر ۋە « ئۆلەما » كىيىمگە ئورۇنىۋالغان بىلىمسىز ۋە ئىنساپسىز ئادەملەر بۇخارادا بولغان ۋەقپىلەرنى تىجارەت ماللىرىغا ئايلاندۇردى. ئۆمۈچۈكنىڭ تورىچىلىك كۈچى بولمىغان « ھىلە » ۋە باتىل سۆزلەرگە شەرىئەت رەڭگى بىرىپ بۇخارا ئالىملىرى ۋەقپ مەدرىسلەر، ۋەقپ ھوجرىلارنى سېتىش ئۈچۈن يول كۆرسەتتى.

ئاباسى خەلىفىلىرى ۋە سەلجۇق تۈركلىرىنىڭ يورتلىرى ئۆز ئەسرىدە ئۆتكۈر ئالىملار بىلەن تولغان « ئانا دولۇ » دا، ( تۈركىيەدە ) خەلىپىلىك يۇرتى بولغان ئىستامبۇل ھەمدە ئۇنىڭغا تابى بولغان مەملىكەتلەردە ئوقۇش ـ يېزىشنى بىلىدىغانلار يۈزدە ئون، ئۆزىنىڭ دىنىي ياخشى بىلىدىغانلار مىڭدىن بىر دەرىجىدە يوق ئىكەنلىگى مەتبۇئات خەۋەرلىرىدىن مەلۇم.

پىردەۋسى ۋە ھاپىزى شىرازى، خاقانى، ۋە سەئىدى، رازى، ۋە غازالى لارنى يېتۈشتۈرگەن ۋە ئۆمرى نەچچە مىڭ يىللاردىن ئىبارەت بولغان

ئىران مەملىكىتى، لاياقەتلىك باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن ۋە تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىنى بىلىدىغان مۇئەللىملەردىن مەھرۇمدۇر.

تاتارىستاننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىدىكى جەننەتتەك ياپ - يېشىل يايلاقلار، ئامرىكا ۋە ئافرىقا ئورمانلىرىغا تىگىشمىگىدەك دەرىجىدىكى قېلىن ئورمانلار قايەرلەرگە كېتىپ تۈگىدى؟ بۇ ئورمانلارنى تالاپ ئالغۇچى ۋە كىسىپ ساتقۇچى «بىر» بولسا، جىسمانى ۋە روھانى باشلىقلارنىڭ قولىغا يۈشۈرۈن بېرىلگەن سەدىقىلەرنىڭ ئورنىغا مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ كەتكەنلىرى «مىڭ» دۇر. بۇگۈن مىسقاللاپ ئېلىشقا قالغان بۇ خەزىنىلەر بۇنىڭدىن ئاز يىللار بۇرۇن پاتمانلاپ ئۆلۈشۈلدى. مەزلۇم ئايالار، كىچىك نارىسىدە يېتىم باللار ۋە كۆچىسىز ئاجىزلارنىڭ كۆز - ياشلىرى، مۇڭ - ئاھلىرى بۇ تاغ ۋە ئورمانلارنىڭ ئۈستىگە بۇلۇت بولۇپ يىغىلسا ئىدى، يەر ئۈستىنى قاراڭغۇلۇق باساتتى.

ئامرىكا ۋە ئاۋرۇپا ئالىملىرى بىر تەرىپىدىن «دىن» لىرىنى تەكشۈرۈپ شۇ توغرىدا سوئاللار تەييارلاۋاتقان ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت ۋە بايلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەۋاتقان، بىر ۋاقىتتا، بىزنىڭ بارلىق ئىشىمىز: تاھارەت سۇندۇرغاندا چالمىنى قانداق تۇتۇش، ئىستىنقا، ساقال - بۇرۇت، شىلەپە - پەلتۇ توغرۇسىدىكى بەس - مۇنازىرەلەر، ھەم سامان بىلەن پىچانغا ئوشرە كىلىش كەلمەسلىكى مەسىللىرى ۋە قۇربانلىق پەتۋالىرى بولدى. بۇ تالاش - تارتىشلارنىڭ بەزىلىرىگە يۈز يىلدىن كۆپراق ۋاقىت بولدى. بۇنداق بەس - مۇنازىر، تالاش - تارتىشلار، بايلارنىڭ ئۆيىدە (ئالىملارنىڭ يىغىلغان ئولتۇرۇشلىرىدا) كۆرسىتىلىدىغان ھۈنەرلەردۇر. ئەمما ھەر كۈنى باشقا كىلىپ تۇرىۋاتقان ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادى ئەھۋاللارنىڭ قىستىشى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى بوغۇپ تۇرغان باڭكا، ئۆسۈم، (جەزانە) ئېلىم - سېتىم، ئىجارىدەك ئومۇمى مەسىللەر توغرىسىدا قولغا چىققۇدەك ۋە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرمۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىدى. «يىڭى ئوقۇش»، «ئەلىپبە» توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار داۋاملىشىۋاتقانغىمۇ يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى. دۇنيادا مەنىسىز بەس - مۇنازىرەلەر كۆپ بولسىمۇ، مۇشۇ «يىڭى ئۇسۇل» تالاش - تارتىشىدەك مەناسىز بولمىسا كىرەك. بۇنىڭ داۋام قىلىشى بولسا «بىر قەۋمنى خۇدا يامان ھالغا چۈشۈرۈشنى خالىسا، ئۇلارغا جېدەل - ماجرا، كېلىشەلمەسلىك بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى ئىشتىن قالدۇرىدۇ» دىگەن سۆزگە مۇۋاپىقلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسدۇر

شەرىئىتىمىز دە «بىلگۈچىلەر بىلەن بىلمىگۈچىلەر بارابەر بولمايدۇ»، «مۇسۇلمان كىشى مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم ۋە جاپا قىلمىسۇن! مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈش كاپىرلىق، تىللاش بولسا پاسىقلىق» «ئوغۇل قىز باللىرىڭلارنى ئوقۇتۇڭلار! ئۇلارغا ياخشى تەربىيە بىرىڭلار! ھالال كەسىپ قىلىش ھەم ئىلىم ئوقۇش پەرىز»، «شەھەرلىرىڭلارنى ياخشى ياساڭلار! تازلىق ۋە پاكىزلىققا رىئايە قىلىڭلار!» دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىز بۇ بۇيرۇقلارنىڭ ئەكسىچە ئىلىمسىزلەرنىڭ ئورنىنى كۆتۈرۈپ، ئەتىۋالاپ، ھەقىقى ئالىملارنى خارلىدۇق. پىكرىمىزگە قوشۇلمىغانلارنى شەرىئەتكە ئۇيغۇن بولغان گەپ - سۆزلىرى ئۈچۈن «دىندىن چىققۇچى»، «دەھرى»

www.uyghurkitap.com



«زىندىق» «پاسىق دىنسىز» دەپ بوھتان قىلدۇق. بالىلىرىمىزنى بولۇپمۇ قىزلىرىمىزنى ئوقۇتماسلىق ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈمىز بىلەن تىرىشتۇق. هالال كەسىپ قىلىش ئورنىغا «ئەتىنىڭ غېمىنى ئىشەك يەيدۇ. نەسىپ بولسا چىشنى يۇمۇرۇپ بولسىمۇ ئېغىزغا كىرىدۇ» دەپ سۆزلەپ ئەسنەپ يېتىشتىن باشقا هۈنىرىمىز بولمىدى. «بولسا بۇلار، بولمىسا يوق، ئاخىرەت ئىشى ئەمەس» دەپ يۇرتىمىزنى كۆچمەن قوۋملەرگە ئوخشاش كەنت ۋە شەھەرلىرىمىزنى هوقۇش ئۇۋۇسىدەك ياسىدۇق.

زىيا پاشانىڭ:

دىيارى ئىسلام گەزدىم پۈتۈن ۋەيرانىلار كۆردۈم.

دىيارى كۇپرى گەزدىم خانە ـ كاشانەلەر كۆردۈم.

( گەزمەك ـ ئايلانماق ساياھەت قىلماق )

دىگەن سۆزگە مۇۋاپىق كەنت ۋە شەھەرلىرىمىز قوش ئۇۋۇسىدۇر. بايلىقىمىز، ئىلمىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىناۋىتىمىز ۋە ئېتىبار نوپوسىمىزمۇ يوق. ھەتتا مۇشۇنداق تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىمىزنى ۋە ئۆزدەرىجىمىزنى بىلگۈدەك ئاڭ سەۋىيەدىنمۇ مەھرۇم ۋە ئۆز هالىمىزغا ئېچىنغۇدەك روھى ئۇستۇنلۇكۆمىزمۇ يوقدۇر.

ئەنە شۇنداق يامان ئىشلىرىمىزنىڭ ۋە بەختسىزلىكىمىزنىڭ سەۋەبلىرى قانداق نەرسىلەر ۋە بۇنىڭغا كىملەر جاۋاپكار؟

بۇنىڭدىن بۇرۇن بايان قىلغىنىمىزدەك بۇ ئىشلارغا سەۋەبچى بولغانلار ئۆزىمىزدىن باشقا هېچ بىرى ئەمەس. بىز، ئۆزىمىز ئىمە تېرىغان بولساق شۇنىڭ مەھسۇلىنى ئالىمىز. خاتا ئىشلىرىمىزنىڭ جاپاسىنى ئۆزىمىز تارتىمىز. بۇنىڭدا بىزنىڭ يارىتىلىشىمىز، جېنىمىز، قېنىمىز ياكى دىن ۋە شەرىئىتىمىزنىڭ شېرىكلىكى يوق. جاۋاپكار بولىدىغان كىشىلەر ئاللاھ تائالانىڭ «ئەمىنلىرى» دىگەن ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغۇچى ئالىملاردۇر. ئەگەر ئالىملىرىمىز بىزنىڭ مەكتەپسىز، ساۋاتسىز، بىلىمسىزلىكىمىزدە ئۆزىگە پايدا بار دەپ كۆرمىگەن بولسا، دۈشمەنلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ياغلاپ تۇرمىغان بولسا ئىدى بىز بۇنداق ۋەيران، خار هالەتتە ياشاشقا مەھكۇم بولمىغان بولاتتۇق. ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئامانەتچىلىرى بولغان ئالىملىرىمىز خالىس بولغان ئىسلام دىنىنى ئەتراپقا تاراتقان ۋە ھەممىگە ئاڭلاتقان، ھەم مەسۇم ئەمەس بەندىلەر سۆزلىگەن ۋە ئۇنىڭ راستلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغان سۆزلەرنى «دىن» نامى بىلەن خەلققە چۈشەندۈرمىگەن بولسا ئىدى مۇسۇلمانلارمۇ باشقىلاردەك غالىپ ۋە هۆرمەتلىك بولۇپ ياشار ئىدى.

اذا كنت لاتدرى فتلك مصيبة
وان كنت تدرى فالمصيبة اعظم.

بەدەۋى ئەرەبلەرنىڭ بىر ئىككى ئەسىر ئىچىدە ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلەرگە چىقىشىغا سەۋەب بولغان بىر شەرىئەت، بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزى تۆۋەن كېتىشىگە سەۋەب بولماسلىقى ھەممىگە مەلۇم. مۇسۇمانلارتۆۋەنلىشىپ خارلىققا مۇپتىلا بولغان بولسا بۇنىڭ سەۋەبى دىن ئەمەس. بەلكى ئالىملارنىڭ ئامانەتچى بولمىغانلىقى، ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالمىغانلىقىدىندۇر. بۇلار مالغا، دۇنياغا ۋە شۆھرەتكە بېرىلىپ كىتىپ ئازدىلار. ئۇلارغا پۇل، مال ۋە پاراۋان تۇرمۇش يەتكۈزۈپ بەرگۈچى هوقۇقدارلار پادىشالارنىڭ

كۆڭلىگە ياقمايدىغان سۆزلەرنى سۆزلەشكە بېخىللىق قىلدى. ( ھەقنى يوشۇرۇپ خوشامەتچىلىك قىلدى) شۇ سەۋەبدىن مەغرۇر، مۇستەبىد، بىلىمسىز، ئۆزىنى يۇقۇرى كۆرىدىغان ئادەملەر قولىدا قورال بولۇپ يۈردى.

بۈگۈن دۇنيادا ئۈچ يۈز مىليون مۇسۇلمان بار دېيىلىدۇ. (بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى سان )

مىللەتنىڭ دۇنيادا سالامەت ياشىشى، دۇنيا ھاياتىدىن ئىبارەت سەپەرلەردە بوران چاپقۇنلارغا مەغلۇب بولماي تەبىي ھالدا داۋام قىلىشى ئۈچۈن بۇ ئۈچ نەرسە شەرت:

1ـ بىلىم ۋە ھۈنەر سانائەتلىك بولۇش.

2 ـ باي بولۇش.

3 ـ كۈچلۈك بولۇش ھەم ئۆزئارالىرىدا دوستلۇق مۇناسىۋەتتە بولۇپ ئۆمرى ئۆتكۈزۈش.

شۇ ئۈچ شەرتنىڭ ھەممىسى جەم بولمىغان مىللەتنىڭ ساق ـ سالامەت تېنچ ئەركىن ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، ئۈممەتلەرنىڭ مىللەتلەرنىڭ ساق ـ سالامەت ياشىشى ئۈچۈن بۇ ئۈچ نەرسە شەرت، بۇنى « ھايات » ۋە « تۇرمۇش » قانۇنلىرى قەتئىي كېرەك قىلىدۇ.

مىللەتتە، ئۈممەتتە شۇ ئۈچ نەرسىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن تىرىشىش ۋە بۇ يولدا ئۆزى بىرىنچى بولۇپ مېڭىش ئاللاھنىڭ ئىشەنچلىك بەندىلىرى بولغان ئالىملارنىڭ ئۈستىگە لازىم. مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قايغۇرمايدىغان ۋە ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدىغان ئادەم ئۆلۈكلەرنىڭ ۋە بۇرۇنقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممىسىنى قوسىقىغا، كۆڭلىگە يىغىپ ئالسىمۇ، لەۋھۇز مەھپۇزنى كۆرۈپ ئوقۇش دەرىجىسىگە يەتسىمۇ، « ئاللاھنىڭ ئەمىنلىرى » دىگەن ئۇنۋانىنى كۆتۈرۈشكە لايىق ئەمەسدۇر.

فرياد بسی کردم وفريادرسی نيست
گويا که درين گنبد فيروزه کسی نيست.

( ئۆرغۈن دەرت تۆكتۈم دەردىمگە يەتكىلى كىشى يوق. كۆك ئاسماننىڭ ئاستىدا ھېچكىم يوقتەك )

بۈگۈن مۇسۇلمانلار كېسەل بولغان بولسا تەندىن جان چىقىپ كەتكىنى يوق. تىرىلىشىدە ئۈمىد بار. ئەمما چارە كۆرۈلمىسە ئۆلۈم ھۆكمى كېلىش ئېھتىمالى يىراق ئەمەس. ئەگەر ئالىملار ئۆزىنىڭ « ئاللاھ، تائالانىڭ ئەمىنلىرى » ئىكەنلىكىنى ئېسىدە تۇتۇپ كېسەل بولغان ئۈممەتنى ساقايتىش يوللىرىنى ئىزدىسە، قىلغان ھەركىتى بىكار بولمايدۇ. ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. ئاخىرەتتىمۇ يۈزلىرى ئوچۇق بولغان ھالدا ھىساب بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىم ئەمەس ئادەملەر ئالىملارنىڭ كىيىمىگە يۆرگىنىپ يۈرمەسلىكى ( ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت نىشانلىرىنى، قۇرئان ھەدىس مەزمۇنىنى بىلمەيدىغان چالا ساۋاتلارنىڭ دىني ئىشلاردا خەلق ئاممىسىنى ئۆزى بىلگىنىچە قايمۇقتۇرماسلىقى ) ۋە ئالىملارمۇ ئاممە خەلق قاتارىدا تۇرىۋالماسلىقى، ئۇلارغا ئەگەشكەن خەلقلەرنى ئېتىقادسىزلىق، يوقسۇزلۇققا، ئەسىرلىككە ئېلىپ بارماسلىقى لازىم.

ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بۇ ھەدىستىن باشقا بىر ئايەت ياكى بىر ھەدىسمۇ كەلمىگەن بولسا، مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلغان بولاتتى. لېكىن ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا ھەدىس، ئايەتلەرمۇ كۆپ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلجېلىل قاراقاش**

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتلىرى www.uyghurkitap.com

# ئانا ۋەتەن تارىخىدىن

## شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ 1946 ـ 1949 : كوممۇنىس ئىستىلاسى ئارفىسىدىكى ۋەزىيىتى.

«شەرقى تۈركىستاندىكى **مۇستەقىل قوماندانلار**» يازغۇچى ئاندرېۋ د. ۋ. فورېس. شەرقى تۈركىستاننىڭ 1911 ـ 1949 ئوتتۇرىسىدىكى سىياسى تارىخى.
( بېشى ئىككىنچى ساندا )

## مەسئۇد سابىرى بايقۇزى رەھبەرلىكى ۋە بايتىق بۇغدا ( پايتا شەن ) ۋەقەسى

بۇنىڭدىن بۇرۇن بايان قىلىنغىنىدەك، ئىلى مىللى ئارمىيەسى 1945 ـ يىلى سىنتەبىردە ماناس دەرياسى بويىغا كەلگەندە گومىنداڭ رەھبەرلىگى، ئۇرۇمچىنىڭ قولدىن كىتىشىدىن ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە سوۋېتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى نوپۇسىنىڭ تېخىمۇ ئېشىشىدىن قورقۇپ، ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن ۋاقىتلىق دوستلۇق يولىغا ماڭدى. ( بۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سوۋېت ئارمىيىسى شەرقى ـ شىمالدا مانجۇرىيەنى ئېلىۋالغان ئىدى. ) گومىنداڭنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشى، موسكوۋانىڭمۇ مەپەتىگە ئۇيغۇنتى. چۈنكى ئۇ، شەرقى تۈركىستاندا ئۆز مۇداپىئەسىنى تەمىنات ئاستىغا ئالغان؛ ئىقتىسادي جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئارزۇ قىلغىنىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن قولغا كەلتۈرگەن ( پىللاندىيە رومانىيەدىن تا ياپونىيەگە قەدەر) كەڭ زىمىنىنى ئەمنىيەت ئاستىغا ئېلىشى ۋە خىتايدا كوممۇنىستلار بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى ئۇرۇشتا كىمنىڭ غەلبە قىلىدىغانلىقىنى كۈتۈشى كېرەك ئىدى. ئەسلىدە موسكوۋا كوممۇنىست تەرەپدارى، ئامما پراگماتىك بولغان گومىنداڭ تەرىپىنى تۇتۇشقا، ياكى خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنى ھىمايە قىلىشقا قارار بېرىشى كېرەك ئىدى.

كېيىنكىنىڭ، خىتاي كومونىست پارتىيىسىنىڭ، كەلگۈسىدە دۇنيا كومونىزىم ھەركىتى لىدەرلىگىدە ئۆزىگە رەقىپ بولالايدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. خىتايدا ئىشكى ئۇرۇشتىن غالىپ چىقىدىغان تەرەپ، ئوتتا ئاسىيا چېگرىسىنىڭ بىخەتەرلىگىنى يېڭىدىن مۇستەھكەملەشكە ۋە بۇ رايوندىكى سوۋېت نوپۇسىنى يوق قىلىشقا ھەركەت قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى سىياسى كۆرۈنۈشتە موسكوۋا ئۈچۈن ئەڭ مۇۋاپىق بولغىنى، كۆرۈلمەكتە بولغان ۋەزىيەتنىڭ داۋام قىلىشى ئىدى. شەرقى تۈركىستان خەلقىمۇ بۇ ۋەزىيەتنى ئالدىن ئالا كۆرۈش بىلەن بىرلىكتە، كەلگۈسىدە خىتاي ـ سوۋېت ( خىتاي تەرەپىدىن گومىنداڭ ياكى كومونىست پارتىيىسى ) توقۇنۇشىدا، ئۆزلىرىنىڭ يېڭىدىن توپىنىڭ ئاغزىدا ئۆزىنى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى.

1946 ـ يىلى ماي ئېيىنىڭ كىرىشى بىلەن خىتايدىكى ۋە شۇنىڭدەك شەرقى تۈركىستاندىكى ۋەزىيەت ئىنتايىن كەسكىنلىشىشكە باشلىدى: مارت ۋە ئاپرىل ئايلىرىدا مالىنكوۋسكى قوماندانلىقىدىكى 300.000 سوۋېت ئارمىيىسى، مانجۇرىيەدىن ئارقىغا چېكىندى... سوۋېتلەر مانجۇرىيەدە جاگېپشىدىن چوڭ ئىقتىسادي تەۋىز ئالالمىدى.

پەقەت خىتاي زېمىدىن ئولجا ئالغان « ئۈرۈش غەنىمەتلىرىدىن » 900.000.000 ئامرىكا دوللىرى قولىغا كەلتۈردى. گومىنداڭ رەھبىرى ئورگىنىنىڭ ھەربىي كۈچى قابىلىيەتسىز ئىدى. بۇنىڭغا قارىغاندا كومونىست قوشۇنلىرى قابىلىيەتلىك ئىدى. خىتاي كومونىست قوشۇنلىرى، سوۋېتلەرنىڭ تەستىقى بىلەن ھەركەت قىلىپ، ئاپرىل، ماي ۋە ئىيۇن ئايلىرىدا، سوۋېت قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئىشلۆلىنغان يەرلەرنىڭ چوڭ بىرقىسمىنى قولىغا كەلتۈردى... بۇ ۋەقەلەر، گومىنداڭ رەھبەرلىكىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ھەم سوۋېتلەرگە قارشى، ھەمدە كرەملىن ھىمايىسىدىكى « ئۈچ ۋىلايەت » شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە قارشى قاتتىق بىر پوزىتسىيەدە بولىدىغانلىقىغا بىشارەت بەرمەكتە ئىدى.

تەرەپلەر ئارىسىدا ياراشما سىياسىتىنى مۇداپىئە قىلماقتا بولغان رەئىس جاڭ جېجۇڭ 1946- يىلى كۈز ۋە يېڭى يىلنىڭ باشلىرى قىش مەزگىلىدە، ئۆزىنىڭ گومىنداڭ پارتىيىسى ئەزالىرى بولغان كەسپداشلىرى ۋە ھەم شەرقىي تۈركىستانلىق رەھبىرى ئورگانلىرى نەزىرىدە ئېتىبارى قالمىدى. ئۇ ھەر كىمنى خوش قىلىشقا تىرىشىمۇ، ھېچكىمنى مەمنۇن قىلالمىدى. جاڭ جېجۇڭ « ئىلى » مەسىلىسىنى تېنچلىق يول بىلەن ھەل قىلماق ئىستىگەن. ئۇ شەرقىي تۈركىستانىنى ئايلىنىپ ( ھالبۇكى بۈرۈنقى خىتاي ھوقۇقدارلىرى ئورۇمچىدە ياشاشنى ئۈيغۇن كۆرگەن ئىدى ) بىر ـ بىرىگە ماس كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلغان.

مەسىلەن: جاڭ جېجۇڭ، ھەقىقىي مەنادا ئەركىنلىك قولىغا كېلىدىغان بولسا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدىغانلىقىنى، ئەمما ئۆز پىكرىچە « بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى » سۆزلەپ، خەلقنى ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا تۆمۈر يول ياساپ خىتاي بىلەن شەرقىي تۈركىستانىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە پول بىرلىكىنى پۈتۈنلەي بىرلەشتۈرۈپ مۇناسىۋەتلەرنى ياخشىلاش پىكرىنى تەرغىپ قىلغان ئىدى. جاڭ جېجۇڭنىڭ بۇ تەرغىباتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتىن بەكراق قارشى چىقىشىغا سەۋەپ بولغان بولسا، يەنا بىر تەرەپتىن بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى خىتايلارنىمۇ ناھايىتى غەزەپلەندۈرگەن ئىدى. ( بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى خىتايلار گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبەرلىك شتابىدا كۈچلۈك كىشىلەردىن ئىدى ) جاڭ جېجۇڭنىڭ ئۆز ئىپادىسىچە بۇ مەسىلە توغرۇسىدا مۇنداق دەيدۇ:

« مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غۇلجۇلۇق ( شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىك ئورگىنىدا بولغان ) ئەزالىرى ئازسانى تەشكىل قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەكلىپلىرىنىڭ رەھبىرى ئورگاندا تەستىقلىنىشنى كۈتمەتتى. ئاما مەن، ئۇلارنىڭ تەكلىپلىرىنى مۇزاكىرىگە قويۇش سالاھىيىتىمنى ھېچ ئىشلەتمىدىم. بۇ ئازسانلىق كادىرلار بىلەن بىرلىشەلمەيدىغان مەسىلىلەرگە دۈچكەلگەندە، مەن بۇ مەسىلىنى سۆھبەت يولى بىلەن ياكى ئۇلارنىڭ رايىغا بېرىش يولى بىلەن ھەل قىلدىم... بۇنىڭ نەتىجىسىدە، چەتئەللىكلەر ئىچىدە، غۇلجا گۇرۇپپىنىڭ ھەر نەرسىنى ئۆز تىزگىنى ئاستىغا ئېلىشقا توسقۇنلۇق قىلالماسلىقتەك ئاجىز ئىكەنلىكىم شەكلىدە، خاتا بىر باھا بېرىش مەيدانىغا كەلدى. »

بۇ ئارىلىقتا، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ گومىنداڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاكىمىيتى ئاستىدا بولغان يەتتە ۋىلايەتتە، قاتتىق مەۋقىلىك خىتاي رەھبەرلىرى غولجۇلۇقلارغا ( ئازاتلىق رايون «ئۈچ ۋىلايەت» دە قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ۋەكىللىرى ) قارشى يىغىدىن ھەركەت قىلىشقا ھازىرلىنىشقا باشلىدى. رەھبەرلىك گورۇھىنىڭ مەنسۇپلىرى بۇ مەقسەت بىلەن، شەرقى تۈركىستاندا خىتاي ۋە خىتاي بولمىغان باشقا مىللەتلەر ئىچىدە، گومىنداڭ پارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ سانىنى ئاشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بۇ سەپەرۋەرلىكى، جاڭ جىجۇڭ ھاكىمىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرغىچە داۋام قىلدى. مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى گورۇھ ۋە گۇرۇپلاشمىلار، گومىنداڭچىلارنىڭ نوپۇسىنى ئاشۇرۇشىدا موھىم رول ئوينىدى. شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىكى سىرىق كۆلدىكى قوزغۇلاڭچىلار بىلەن مۇناسىبىتى بولمىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن گومىنداڭ قىسملىرى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ پوسكان، قاغىلىق ۋە تاشقورغاندا ھاكىمىيەتنى يىغىدىن قولغا كەلتۈردى. شىمالدا بولسا قازاقلارنىڭ لىدىرى ئوسمان باتۇرنىڭ سەپ ئالماشتۇرغىنىدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن شەرقى تۈركىستاندىكى گومىنداڭ قىسملىرىنىڭ قوماندانى سۇڭشىلەن ئوتتۇرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە باشلاندى. بۇ سۆھبەتلەر نەتىجىسىدە ئوسمان باتۇرنىڭ يىغىدىن قۇراللاندۇرۇلغان قىسملىرى 1946 ـ يىلى ئاغۇستتا «ئۈچ ۋىلايەت» كە قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمغا ئۆتتى. ئالتاي، بىر مەزگىل ئىشغال قىلىندى... ئىلى مىللى ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى، 160 سوۋېت ماشىنىسى بىلەن ياردەمگە كەلگەندىن كېيىن ئوسمان باتۇرنىڭ قىسملىرى ( ئۇنىڭ ئۆز ئىپادىسىغا قارىغاندا )

ئالتايدىن چىقىرىلدى. مەركەز ئۈرۈمچىدە بولسا خىتاي رەھبەرلەر 1946 ـ يىلى يانۋار ۋە ئېيۇل ئايلىرىدا قىلىنغان شەرت نامىلارنى ئىجرا قىلمىدى. ئۇ نىڭ ئەكسىچە كۆپۈنچە ئۇ پىرىنسىپلارنى «كۆزگە ئىلماسلىق ۋە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەرنى كېچىكتۈرۈش» سىياسىتىنى قوللاندى. بۇ، ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلەردىن كېيىن، 1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدە كەڭ كۆلەمدە نامايىشلار قىلىندى. خەلق قوزغالدى. قانداقكى 19 ـ فېۋرالدا:

«ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر قۇلۇبىدا تەرتىپ قىلىنغان «ھۆررىيەت» يىغىنىدا ھۆكۈمەتكە بىر ئىلتىماس بېرىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، 21 ـ فېۋرالدا ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۇيغۇرلاردىن يۈزلەرگە يېقىن كىشى نامائىش قىلدى. بۇ ئوتتۇرلۇقتا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئىلتىماسلار ھۆكۈمەتكە بېرىلدى. بۇ ئىلتىماسلاردا «باجلارنىڭ يۈزدە 50 % گە چۈشۈرۈلۈشى، ئاقسۇ ۋە قەشقەردىكى تېنچلىقنى ساقلاش قىسملىرىنىڭ تىزدىن يىغىدىن تەرتىپكە سېلىنىشى، رەھبىرى ئورگانلاردا يەرلىك كادىرلارنىڭ سانىنىڭ كۆپەيتىلىشى، خىتاي قىسملىرى ۋە ساقچىلارنىڭ زۇلۇمىنىڭ توختۇتىلىشى، شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاي ئەسكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرقى تۈركىستاندىن چىقىپ كېتىشى، ھەربى ئورۇنلارنىڭ بازاردىن لازىملىق نەرسىلەرگە قول قويىشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى، خەلقىنىڭ ئارمىيە تەرپىدىن سولاقتا تۇتۇلۇشىنىڭ مەنئى قىلىنىشى، خەلققە ئېغىر زۇلۇم قىلىنغان رايونلاردا يىغىدىن سايلام قىلىنىشى، سىياسى جەھەتتىن قولغا ئېلىنغانلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى، مەخپى ساقچى تەشكىلاتىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ توختۇتۇلۇشى ۋە ئۆلكە تەۋەسىدە ئۇيغۇر خەۋپسىزلىك تەشكىلاتى قورۇلىشى...» تەلەپ قىلىندى.»

بۇ ئېلتىماسلاردا، قابىلىيەتسىز ياكى خىتايلار بىلەن ھەمكارلاشقان قازاق كادىرلارنىڭ ( مالىيە

مىنىسترى جانىمخان ۋە باشكاتىپ سالىس، بۇلاردىن ئىدى ) ۋەزىپىسىدىن ئېلىنىشى ۋە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتى بىلەن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بىرلەشكەن ئوسمان باتۇرنىڭ قولغا ئېلىنىپ جازالاندۇرۇلىشى تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن 24 ـ فېۋرالدا قازاق ۋە تۇڭگان گۇرۇپپىلىرى يۇقۇرقىلارغا ئوخشىغان تەلەپ ۋە شىكايەتلەر قىلىپ ھۆكۈمەتكە ئىلتىماس قىلدى... بەرناتىنىڭ بەرگەن مەلۇماتىچە، گومىنداڭ رەھبەرلىرى قازاقلار بىلەن تۇڭگانلارنى قوللايتتى، گومىنداڭنىڭ مەقسىدى؛ غۇلجا رەھبەرلىكىنىڭ بىرپۈتۈن ؛ ( ھەرمىللەتتىن تەركىپتاپقان) مىللىيەتچىلىك ؛ ھەركىتىنى پارچىلىماقتى. دىمەك، قازاقلار ۋە تۇڭگانلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئىلتىماسلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆكۈمەتكە قىلىۋاتقان بېسىمىغا قارىتا كۈچ سېلىشتۇرۇش ۋە ختاي رەھبەرلىكىنىڭ تېخمۇ كۈچلۈك ھالدا ھەركەت قىلىپ ھىساپلىششقا ھازىرلىق قىلىشنى مەقسەت قىلاتتى.

بۇ ۋەقەلەر ئۇرۇمچىدە 25 ـ فېۋرال كۈنى كەڭ كۆلەملىك بىر ئىسيانغا يول ئاچقانكى، جىن پاملىلىك بىرىنىڭ ئىيتىقىنىغا قارىغاندا؛ ئونمىڭلارچە كىشى شەھەر مەركىزىدىكى ھۆكۈمەت بىناسىنى قورشىۋالغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبىرى ئورگىنىنىڭ ئىشپىيۇنلىرى ئەخمەتجان قاسىمى ۋە بۇرھان شەھىدىگە سۇيىقەست قىلىشقا ئورۇنغان. شۇ كۈنلەردە قاراشەھەردە مۇڭغۇللارنىڭ تۇرغۇت قەبىلىسى بىلەن ئۇيغۇر دېھقانلىرى ئوتتۇرىسىدا سۈرتۈشمە مەيدانغا كەلگەنكى، بۇمۇ ئۇلكە مىقياسىدا قالايمىقانچىلىقنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى

كۆرسىتىۋاتقان باشقا بىر مىسالدۇر.

ۋەقەلەرنىڭ مۇشۇنداق يۈزبېرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ھۆكۈمەت رەئىسى جاڭ جىجوڭنىڭ ئۈمىدسىزلىككە چۈشكەنلىكى ئوپ ـ چۇق مەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ، 1947 ـ يىلى 13 ـ مايدا تارقاتقان ئۇقتۇرۇشىدا: ؛ ئەگەر شەرقى تۈركىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشسە، ئۆلكىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇيدىغانلىقىنى، ياكى ھېچ بولمىغاندا، شەرقى تۈركىستان مەسىلىسى مەركىزى ھۆكۈمەتتە ( نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ) مۇزاكىرە قىلىنغاندا؛ شەرقى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قوللايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقى تۈركىستانلىق پۇخرالىرىمىز شۇنى كۆز ئالدىدا تۇتۇشى كېرەككى؛ ئەگەر ئۆلكىلىرى مۇستەقىللىققا ئېرىشىدىغان بولسا، بۇ مۇستەقىللىق شىۋىتسارىيە... ياكى پولشانىڭ ئوخشىشىدا بولۇشى كېرەك ؛ دىگەن ئىدى.

مەلۇم بولغىنىدەك، جاڭ جىجوڭنىڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە دېموكراتىك بولسىمۇ، ئىشنىڭ تېگىتەھدىن ئالغاندا سىياسى كېلىشەلمەسلىك ساقلانماقتا ئىدى. بۇ، گومىنداڭ پارتىيىسى رەھبەرى ئورگىنىنىڭ ياردەم ۋە ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرەلىگۈدەك ھالدا ئەمەستى. بۇنىڭ ئوچۇن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى 1947ـ يىلى 28 ـ مايدا جاڭ جىجوڭنى شەرقى تۈركىستان رەئىسلىكىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ختاي بولمىغان بىرىنچى ھۆكۈمەت رەئىسى قىلىپ مەسئۇت سابىرى بايقوزىنى تەيىن قىلدى. ( جاڭ جىجۇڭ، جوڭگو غەربى شىمال ھەربى رايۇنىنىڭ باش قوماندانلىقى ۋەزىپىسىگە ئاتالدى

) شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتتە قىلىنغان ئۆزگۈرۈشلەردە مەسئۇت سابىرى بايقوزىنىڭ يېقىن خىزمەتداشلىرى مۇھەممەت ئەمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىنگە بىرىنچى سەپتىن يەر بېرىلدى.

يېڭى ھۆكۈمەت باشلىقى مەسئۇت سابىرى بايقوزى 1886 ـ يىلى ئىلىدا باي بىر تىجارەتچى، زېمىندار بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن ئىدى. غۇلجا شەھرىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1904 ـ يىلى ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە ئېۋەتىلگەن مەسئۇت سابىرى، ھەربى مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئىستامبۇل ئۇنىۋېرسىتېدە ئوقۇپ، 1914 ـ يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئېلىپ ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن ئىدى. 1915 ـ يىلى شەرقى تۈركىستانغا قايتقان مەسئۇت سابىرى، دوكتورلۇق قىلىش بىلەن بىرگە كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆلكىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا سەرىپ قىلغان ئىدى. مەسئۇت سابىرى بايقوزى مائارىپ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ، 1924 ـ يىلى باشۋالى ياڭزېڭشىن تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. ئۇ، 10 ئاي تۈرمىدە يېتىپ چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەكرار بىر زەربىگە ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەكتىۋىنى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كونا دىنىي مەكتەپلەرگە بەرگەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەسئۇت سابىرى، 1934 ـ يىلى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ قىسىملىرىدا «سىياسى كادىر» بولۇپ ئىشلىگەن. مەسئۇت سابىرى بايقوزى، مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ 1937 ـ يىلى ئاپرىلدا ھىندىستانغا قېچىپ چىقىپ ئۇنىڭدىن كېيىن پارخوت بىلەن تيەنجىنگە قايتىپ، ئۇيەردىن نەنجىڭغا كەلگىنىدە، نەنجىڭ شەھرىدىكى «شىنجاڭ جەمىيىتى» ئەزالىرى ( بۇ جەمىيەتنىڭ ئەزالىرى ئاساسى جەھەتتىن شىڭ سىسەينىڭ رەھبەرلىكىدىن قاچقان سوۋېتكە قارشى بولغان شەرقى تۈركىستانلىقلاردىن تەركىپ تاپقان كىشىلەر ئىدى ) ۋە مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى تەرىپىدىن قارشى ئېلىنغان. مەسئۇت سابىرى، نەنجىڭدە باشتا ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بىلەن، ئۇنىڭدىن كېيىن كونا خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بىلەن تەڭرى تاغ خەۋەرنامىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن چۇڭ چىڭدە ئالتاي ژورنىلىنى بىرلىكتە چىقارغان. مەسئۇت سابىرى بايقوزى، گومىنداڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىدىكى يۇقىرى رەھبەرلەر بىلەن يېقىندىن ئالاقە باغلىغان. بەلكى ئۇلارنىڭ نوپۇسى بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسى مەكىزى باشقۇرۇش كومىتېتىغا سايلانغان بولۇشى مۇمكىن. مەسئۇت سابىرى بايقوزى، 1945 ـ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىگە كىرىپ، 36 ئەزادىن تەركىپ تاپقان ھەيئەتلەر يىغىنىدىكى ئىككى مۇسۇلمان ئەزانىڭ بىرى بولدى. مەسئۇت سابىرى بايقوزى، كۆرۈنۈشتە يۇقىرى بولغان بۇ مەنسەپتە بولۇشقا قارىماستىن، گومىنداڭ پارتىيىسىدىكى خىتاي خىزمەتداشلىرىنىڭ ئۇنى بەك كۆزگە ئىلىپ كەتمىگەنلىكى كۆرۈلدۇ. قانداقكى ئۇ، 1945 ـ يىلى كۈزدە شەرقى تۈركىستان باش مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلىنىپ ( بۇ دەرىجە نەزىرىيىۋى جەھەتتە ھۆكۈمەت رەئىسىدىن ئۈستۈندۇر ) ئۆز ۋەتىنىگە قايتقىنىدا، ئۈرۈمچىدىكى ئېنگىلىش كونسۇلى گراھام

ھىندىستاندىكى ئەلچىخانىسىغا ئېۋەتكەن دوكىلاتىدا، مەسئۇت سابىرى بايقۇزىغا كۆپ ئېتىۋار قىلىنمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:

« ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇمچى ئايرىدۇرۇمىغا ھېچكىم چىقمىغان ئىدى. ئۇ، گېنېرال جاڭ جىجۇڭنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان بىرتوپ كىشى ئىچىدە ئېتىبارسىز ۋە كۆزگە چېلىقمايدىغان بىر يەردە تۇراتتى. » دەيدۇ. يەنى مەسئۇت سابىرى بايقۇزىنىڭ مۇزەپپەر بىر ئۇيغۇر مىللىيەتچىسىدىن بەكراق گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئادىمى سۈپىتىدە يۇرتىغا كەلگەندەك بىر تەسىرى بارئىدى. « ھەقىقەتەن لاتىمورى: « مەسئۇت سابىرى بايقۇزى شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن ۋاقىتدا ( مەسئۇت سابىرى، ئۇ ۋاقىتقا قەدەر بۇ ۋەزىپىگە بىرىنچى بولۇپ ئاتالغان شەرقى تۈركىستانلىق ئىدى.) ئۆز يۇرتىدا مەيدانغا كەلگەن بىر ھەركەتنىڭ رەھبىرى بولغان ھالدا ئەمەس، گومىنداڭ مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئادىمى بولۇپ ئىشقا باشلىغان.... » كومۇنىزىمگە قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن موسكوۋانىڭ يامان كۆرىشىگە دۇچار بولغان مەسئۇت سابىرى بايقۇزى ئۇنىڭدىن كېيىن كىرىملىن تەرىپىدىن ئوڭچىل مىللەتچى ۋە تۇرانچى بولۇش بىلەن بىرگە ئۇنىڭدىن باشقا گېرمانىيە، ئەنگىلىيە، ياپونىيە ۋە ئامىرىكا ئىستىخپاراتى ئۈچۈن ئىشپىيونلۇق قىلىش بىلەن يامانلانغان ئىدى. مەسئۇت سابىرى بايقۇزى، جاڭ جىجۇڭ رەھبەرلىكىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىر ياردەمچىسى رەھىمجان سابىرنىڭ ئاكىسى ۋە قەيىن ئاتىسى ئىدى. مەلۇم بولغىنىدەك رەھىمجان سابىر ئەپەندى، غۇلجا (شەرقى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ) رەھبەرلىرى ئىچىدىكى سوۋېت تەرەپتارى بولغان ئادەملەردىن بىرىدۇر.

گومىنداڭ پارتىيىسى جاڭ جىجۇڭنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مەسئۇت سابىرىنى ئەكىلىشى، ئىلى ۋادىسىدىكى (كۆپى تارانچىلار دەپ ئاتالغان ) سوۋېت تەرەپتارلىرى ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى سوۋېتكە قارشى بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى سىياسى بۆلۈنۈشتىن پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلاتتى. يەنى ئۇنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىن قىلىنىشىدىكى مەقسەت، ئۆلكىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدىكى ئۇيغۇرلار ئىچىدە، شىمال ۋە شەرقتىكى قازاقلار ئارىسىدا مەيدانغا كەلگىنىدەك بىر بۆلۈنۈشنىڭ چىقىشىنى تەشۋىق قىلماقچى ئىدى. ئەمما گومىنداڭ پارتىيىسى ئۇنى تاللاش بىلەن خاتا ھېساپ قىلغان ئىدى. چۈنكى گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىق قىلغان مەسئۇت سابىرى بايقۇزى، خەلق ئىچىدە ياخشى كۆرۈلمىگەندەك، ئۇ ئۆلكىنىڭ جەنۇبىدا ھېچبىر خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە ئەمەستى. بۇنىڭ ئۈچۈن مىللىيەتچى ئۇيغۇرلارنى گومىنداڭ سېپىغا تارتالمايتتى. ئەگەر گومىنداڭ پارتىيىسى بىلەن يېقىندىن ئالاقىسى بولمىغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ياكى ئىسا يۇسۇپ ئالپتېكىنگە ئوخشاش شەخسلەرنى تاللىغان بولسا ئىدى؛ بەلكىدە ئېھتىمۇ ياخشى مۇۋەپپەقىيەتنى قولغا كەلتۈرگەن بولار ئىدى. ( بۇ مەسىلىدە شۇنىمۇ كۆزدىن چىقارماسلىق كېرەككى، شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى مۇستەقىللىق كۈرەشلىرى، ئۇلارنى خىتايلارغا ئوخشاش سوۋېتلەرنىمۇ دۈشمەن ۋەزىيەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ۋە بۇ ۋەزىيەت گومىنداڭ پارتىيىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتتىقلىق تەرەپتارى بولغانلارنىڭ دىققىتىدىن كەتمىگەن ئىدى. ھەر - ھالدا 1947 - يىلى مايدا مەسئۇت سابىرىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىشى، قەشقەردە ئىسيان چىقىشقا سەۋەپ بولغان بولسا، شەرقى تۈركىستان پارلامېنتىنىڭ 4 - ئىيۇندىكى مەجلىسىدە 90 نەپەر پارلامېنت ئەزاسىدىن 63 - نەپىرى مەسئۇت سابىرىنىڭ ھۆكۈمەت رەئىسلىكىگە قارشى قارار ئالدى. دەل شۇۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەجلىس بىناسى ئېشىدا ناھايىتى چوڭ نامايىش قىلىنىپ، سوۋېت تەرەپتارى ئىلى گۇرۇپپىنىڭ ( بىرلەشمە ھۆكۈمەتتىكى غۇلجا ۋەكىللىرى ) ئادەملىرى كوچىلاردا مەسئۇت سابىرىغا قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقاتتى. بۇنىڭدىن بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن 7 - ئىيۇل كۈنى؛ تۇرپان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردا ئۇيغۇرلار يىگى ھۆكۈمەت رەئىسىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ ئىسيانلار سۇڭ شىلەن قوماندانلىقىدىكى گومىنداڭ قىسىملىرى بىلەن شۇھامان باستۇرۇلدى. سۇڭ شىلەن، قوزغىلاڭچىلار ئىچىدە ئىلى تەرىپىنىڭ ئىشپىيونلىرىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. ئەمما ئىلى گۇرۇپپىنىڭ رەھبىرى ئەھمەتجان قاسىمى، سۇڭ شىلەنىنىڭ بۇ تۇغرىدىكى باياناتلىرىنى رەت قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك جايلاردىكى قوزغىلاڭنىڭ، خەلقىنىڭ چىدىغۇسىز زۇلۇمغا قارشى ئۆزلىگىدىن پارتىلىغان بىر قوزغىلاڭ بولغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ۋەقەلەر، بىر يىل بۇرۇن قۇرۇلغان بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. سۇڭ شىلەنىنىڭ قوماندانلىقىدىكى قىسىملار، تۇرپاندىكى، قوزغىلاڭنى باستۇرغاندىن كېيىن، 1947 - يىل ئىيۇنىنىڭ ئاخىرىغا يېقىن ئۆلكە مەجلىسىنىڭ 27 ئەزاسى ( ئۇلار ئىچىدە قارا شەھەر، تۇرپان، خوتەن، ئاقسۇ ۋە ئۈچ تۇرپاننىڭ ۋەكىللىرى بارئىدى ) ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا قايتىپ كەتتى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قەشقەر رايونىنىڭ ئەزالىرى پارلامېنتتىن ئايرىلدى. 26 - ئاۋغۇستتا، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا ئىلى رايونىنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ھەممىسى غۇلجىغا قايتتى.

شۇنداق قىلىپ 1947 - يىلى ئاۋغۇسىنىڭ ئاخىرىدا بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ پەقەتلا ئىسمى قالدى. شەرقى تۈركىستان بىر - بىرىگە قارمۇ - قارشى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.... ئۈرۈمچى بىلەن غۇلجا ئوتتۇرىسىدا بىۋاسىتە ئالاقە باغلاش مۇمكىن بولمىدى. جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا مەسئۇت سابىرى بايقۇزى تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى بىرلەشمە ھۆكۈمەت بۇ شەكىلدە تارقىلىپ، ئۆلكىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى خەلقمۇ ئىككىگە بۆلۈندى: بۆلاردىن دىخانلار ئىلى ھاكىمىيىتىنى قولدى. بەگلەر ۋە زىمىندارلار ئۈرۈمچىگە قاراپ تۇردى... مۇتەئەسسىپ ؛ ئۆلەمالار ؛، بىر تەرەپنى قوللاشتا قارارسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ ئىستراتېگىيىسى شەرقى تۈركىستاننىڭ ئىچكى سىياسىتىدە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. ئەمما بۇ ئىشقا موسكوۋا تەرىپىدىن قارايدىغان بولساق ئەھۋال باشقىچە ئىدى. سوۋېتكە قارشى ئۇيغۇر مىللىيەتچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىدە رەھبىرى ئورگانلىرىدا يۇقۇرى دەرىجىلەرگە چىقىرىلىشى ۋە ئوسمان باتۇرنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى، گومىنداڭ پارتىيىسى تەرىپىدىن قوراللاندۇرۇلغان ۋە ھىمايە قىلىنىغان قىسىملارنىڭ شەرقى تۈركىستان -

مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىلىدا ھەركەت قىلىشى، موسكۋانىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى. ( مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي پاتالىيەتلىرى، موسكۋادا ھەمىشە « قايغۇ » پەيدا قىلغان ۋە ئەندىشە بىلەن قارالغاندۇر. )

ھەقىقەتەن موسكۋا بولۇۋاتقان بۇ ۋەزىيەتكە قارشىلىق كۆرسەتتى. بۇ قېتىم كرېملىننىڭ مەقسىدى، گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھاكىمىيىتىنى پۈتۈنلەي يوق قىلىش بولمىسىمۇ، مەسئۇت سابىرى ھۆكۈمىتىنى بىئارام قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە كرېملىننىڭ نىشانى؛ ئوسمان باتۇرنىڭ ئالتاينىڭ جەنۇبىدىكى ۋە قۇمۇلنىڭ شىمالىدىكى پارتىزان قىسىملىرى ئىدى. ئوسمان باتۇر، 1946 ـ يىلى ئاپرېلدا ئىلى رەھبەرلىكىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن بايتىق بوغدا ( خىتايلار بۇ كىچىك تاغ تىزمىلىرىنى « پەي ـ تاشەن » دەپ ئاتايدۇ ) رايونىنى قارارگاھ قىلغان ئىدى. ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 15 كىلومېتىر بولغان بۇ تاغ تىزمىلىرى، شەرقىي تۈركىستان ـ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرالىرى بويىچە شەرقىي جەنۇبىدىن غەربىي شىمالغا سوزۇلغان ۋە ئەڭ يۇقۇرى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 3.300 مېتىر بولغان بىر رايوندۇر. ( خەرىتىگە قاراڭ ) بايتىق بوغدا 1911 ـ يىلغا قەدەر خىتاي ئىمپىراتورلىقى چېگرىسىنىڭ ئىچىدە بولغان، پەقەت سىياسى ئەھمىيىتى بولمىغان بىر يەر ئىدى. ئەمما، چىن سۇلالىسى يىقىلىپ ۋە تاشقى مۇڭغۇلىيەنىڭ « مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى » بولۇپ ئايرىلغاندىن كېيىن بۇ رايون، يېڭىدىن سىياسى ۋە ئىستراتېگىيىلىك بىر ئورۇن بولۇپ قالدى. سۈيى مول بولغان بۇ رايون خىتاي ( شەرقىي تۈركىستان ) مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرا رايونىدا ياخشى بىر ھەربىي ئىستىھكام بولالايدىغان يەرگە ئايلىنىپ قالدى. 1915 ـ يىلى ئىمزالانغا خىتاي ـ رۇس ـ مۇڭغۇلىيە كېلىشىمىدە، خىتاي ـ موڭغۇلىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرالىرىنىڭ ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن يېڭىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈلۈشى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، بۇ ئەمەلىيلەشمىدى، بايتىق بوغدا رايونى خىتاي بىلەن مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا تالاش ـ تارتىش مەسىلىسى بولۇپ داۋام قىلدى. ( بۇ ئەھۋال خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىمۇ داۋام قىلدى. ) بۇ رايوننىڭ قايسى دۆلەتكە قاراشلىق بولغانلىقى 1911 ـ يىلى بىلەن 1944 ـ يىللىرى ئوتتۇرىسىدا پۈتۈنلەي ئاكادېمىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھەربىي دىكتاتۇرلۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇستەقىللىق كۆرىشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بولسىمۇ، بايتىق بوغدا رايونىنىڭ مەساپە ئۇزاقلىقى، ھەم ئالاقە ئىمكانلىرىنىڭ تەسلىكى يۈزىسىدىن ئۇرۇمچى ۋە ئۇلانباتوردىن ئايرىلغان ئىدى. ئەسلىدە خىتاي، مۇڭغۇلىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قانۇنى جەھەتتىن ھېچبىر ۋاقىت قوبۇل قىلمىغان ئىدى... خىتاينىڭ قارىشىچە، بايتىق بوغدا رايونى ئەمەس؛ مۇڭغۇلىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئۆز تېررىتورىيىسى ئىچىدە ھېساپلايتتى. پەقەت بۇ ئەھۋال؛ 1945 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئىمزالانغان، خىتاي ـ سوۋېت كېلىشىمىگە ئاساسەن ئۆزگەردى. چۈنكى؛ جاڭ جېشى، سوۋېتلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئېتراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

uyghurkitap.com

بۇ كېلىشىم ئىمزالانغاندىن كېيىن، بايتىق بۇغدا رايونىنىڭ ئەھمىيىتى ئاشتى ۋە شەرقى تۈركىستان بىلەن گومىنداڭ - مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تالاش - تارتىشتا بىرىنچى ئورۇننى ئىگەللىدى.

ئوسمان باتۇرنىڭ باشچىلىقىدىكى قازاقلارنىڭ ئالتايدىن جەنۇبقا كۆچىشى، بايتىق بۇغدا رايونىدا يامان ۋەزىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق سەۋەب بولغانلىقى مەلۇم. ئەمما بۇنىڭ ئەكسىچە بايتىق بۇغدا ۋەقەسىنىڭ مەنبەئەسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قانداق داۋام قىلغانلىقى توغرىسىدا ئايدىڭلاشتۇرۇلمىغان مەسىلەر كۆپتۇر. چىڭ سۇلالىسى زامانىدا ۋە بۇنىڭدىن كېيىن خىتاي جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدە بايتىق بۇغدا رايونىدىكى يايلاقلار كېرەي قازاق چارۋىچىلىرى بىلەن ۋە غەربى مۇڭغۇل چارۋىچىلىرى ئۆز ئىچىدە بۆلۈشۈۋالاتتى. بۇ جەھەتتىن ، قازاقلار بۇ رايوننىڭ غەربى جەنۇبىغا، مۇڭغۇللار بولسا شەرقى شىمالىدا ئىدى. لاتتىمورەنىڭ مەلۇمات بېرىشىگە قارىغاندا: « شەرقى تۈركىستاندىكى قازاقلار بايتىق بوغدا رايونىدىكى يايلاقلاردىن كۆپىنچە ياز ئايلىرىدا پايدىلىناتتى، قىش ئايلىرىدا ئاتلىرىنى بۇ يايلاقتا تاشلاپ قويۇپ، قوي، كالا ۋە تۆگىلىرى بىلەن بىللە جۇڭغارىيە رايونىغا چۈشەتتى. » لاتتىمورە سۆزىنى شۇنداق داۋام قىلىدۇ: «قازاقلار ئاساسى جەھەتتىن چۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ، گۈيچىڭ يېقىنلىرىدىكى بۇغدا ئۇلا' نىڭ تۆۋەنىدىكى تاغ باغرىلىرىغىچە يېتىپ باراتتى. ئەمما شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتى بۇ قازاقلارنى مال ئوغرىسى ۋە « بېشىمىزنىڭ بالاسى » دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى شەرقى تۈركىستان تېررىتورىيىسى بولمىغان يەرلەرگە كەتكۈزۈۋېتىشنى مەقسەت قىلاتتى. دېمەك، شەرقى تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى، بۇ رايوننى ئۆز چېگراسى ئىچىدا تۇتقان بىر كۆزقاراشنى كۆرسىتىدۇ. »

1911 - يىلىدىن 1942 - يىلىغىچە شەرقى تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەت؛ بايتىق بۇغدا رايوننى ئۆز چېگرىسى ئىچىدا دەپ قارىغان بولسىمۇ، بۇ پراگماتىك قاراشنىڭ، مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بۇنىڭغا قوشۇلغانلىقا بىرنىمە دېيىش تەس. چۈنكى مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقى تۈركىستان - مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرىلىرىنىڭ ئەمەلى سۈرئەتتىكى ئورنىنى ئەمەس قانۇنى ئورنىنى كۆز ئالدىدا تۇتماقتا ئىدى. بۇ جەھەتتىن، 1924 - 1944 - يىللىرى گومىنداڭ پارتىيىسى شەرقى تۈركىستاننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، جۇڭگۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ( مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى ) ستراتېگىيىك ئەھمىيەتكە ئىگە بايتىق بۇغدا رايوننى يىگىدىن قولغا ئېلىش ئۈچۈن ھەر كەت قىلىشى ئېچىپ قۇتۇلمايتتى.

ئوسمان باتۇر، 1946 - يىلى ئەتىيازدا ئىلى ھۆكۈمىتى بىلەن يامانلىشىپ يىگىدىن خىتايلار بىلەن بىرلەشتى. گومىنداڭ پارتىيىسى بايتىق بۇغدا رايونىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى بۇ ۋاقىتلاردا ئىگەللىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. تارىخى مەنبەئەلەرنىڭ كۆپى، ئوسمان باتۇر ۋە ئۇنىڭ تەرەپتارلىرىنىڭ ئالتايدىن بىۋاستە بايتىق بۇغدا رايونىغا كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ھەمپىكىردۇر. ئۇ يەردە ئوسمان باتۇر بىلەن گومىنداڭنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى گارنىزون قوماندانى سۇڭشىلەنىڭ ۋەكىللىرى ئىچىدە بىر توختامنامە

قىلىنغاندۇر. لاتتىمورە بولسا؛ ئوسمان باتۇرنىڭ باشلانغۇچتا بۇغدا ئۇلان‘نىڭ غەربىي قولتۇقلىرىغا كۆچكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن شىمالغا، يەنى بايتىق بۇغدا رايونىغا كېتىشكە تەشۋىق قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ. بايتىق بۇغدا رايونىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ئېنىق بىر مەلۇمات ئېلىش مۇمكىن بولمىغان. ئوسمان باتۇر بۇ رايوندا گومىنداڭنىڭ تەستىقى بىلەن ھەركەت قىلىپ، رايوننىڭ موڭغۇللارنى تاشقىرىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنغانلىقى ياكى بۇ رايوننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپى ئىگە بولغان شىمالى قىسمىغا ئۆتكەنلىكى ئېھتىمالدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى سوۋېتلەرنىڭ تەستىقى بىلەن چېگرالارنىڭ يېڭىدىن بەلگىلىنىشى كۆزدىن كۆچۈرۈش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، بايتىق بۇغدا رايونىنى ئىلۆپلىش ئۈچۈن ھەركەت قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ( چېگرالارنىڭ يېڭىدىن مۇقۇملاشتۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىلەرنى، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، خىتاي تەرىپىدىن رەسمى تونۇلغاندىن كېيىن باشلىنىشى پىلانلانغاندۇر.)

ئوسمان باتۇرنىڭ بايتىق بۇغدا رايونىغا قايتقان ۋاقىتتىكى ۋەقەلەر نىمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭ قىسىملىرىنىڭ 1946 - يىلى يازدا ھەم موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى چېگرا مۇداپىيە ئەسكەرلىرى بىلەن، ھەم ئىلى مىللى ئارمىيىسىنىڭ قىسىملىرى بىلەن، ئۇرۇشقانلىقى ئېنىقتۇر.

بۇ ئۇرۇشلار دەسلەپتە كىچىك كۆلەمدە ئېتىشىشلاردىن ئىبارەت بولغان. ئەمما ئوسمان باتۇرنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىيازنىڭ ئاخىرى يازنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئالتاينىڭ شىمالىغا قىلغان ھۇجۇمى؛ غۇلجا، ئۇلانباتۇر، ۋە ھەتتا موسكۋادا ئەندىشە بىلەن قارالغان. بۇنىڭدىن بۇرۇن بايان قىلىنىمىزدەك ئوسمان باتۇر بۇ ھۇجۇمدا مۇۋەققىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان؛ قايتىدىن بايتىق بۇغدا رايونىغا چېكىندۇرۇلگەن.... شۇنىڭ بىلەن ئۇ، 1946 - 1947 - يىلى قىشنى بايتىق بۇغدا رايونىدا ئۆتكۈزگەن. ئوسمان باتۇر بۇ شەكىلدە يېڭىلىشكە داۋام قىلغان بولسىمۇ؛ سوۋېتلەرنىڭ شەرقى تۈركىستاندىكى مەنپەئەتلىرى يۈزىسىدىن ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگرا مۇداپىيىسى جەھەتىدىن « چېگرا بۇزغۇنچىسى » بىر « ئامىل » بولۇشقا داۋام قىلغاندۇر.

ھەقىقەتەن سوۋېت ھۆكۈمىتى، 1947 - يىلى مايدا جاڭ جىجۇڭنىڭ ئورنىغا مەسئۇت سابىرى بايقۇزى كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوسمان باتۇرنىڭ تاغدىكى قارارگاھىغا قارشى، كەڭ كۆلەملىك بىر ھۇجۇم باشلاپ، ۋەزىيەتتىن ھۇزۇرسىز بولغانلىقىنى ئۈرۈمچى ۋە نەنجىڭ ھۆكۈمەتلىرىگە ھېس قىلدۇرغان.

گومىنداڭ مەنبەئەلىرىگە قارىغاندا، « بايتىق بۇغدا ۋەقەسى » 1947 - يىلى 5 - ئىيۇلدە، يەنى مەسئۇت سابىرى بايقۇزى، شەرقى تۈركىستان بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىن قىلىنىپ 5 ھەپتەدىن كېيىن باشلىنىغان؛ بۇ ۋەقەدە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى؛ 4 ياكى 5 سوۋېت ئايروپىلانىدىن پايدىلانغان؛ 500 گە يېقىن ئەسكىرىنى بايتىق بۇغدا رايونىغا كىرگۈزۈپ ئوسمان باتۇرنىڭ قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلغان. خىتايلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



موسكۋادىكى ئەلچىلىكى ۋاستىسى بىلەن، سوۋېتلەرگە نارازىلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، يەنە بىر تەرەپتىن چىڭخەيدىكى تۇڭگان ئاتلىق قىسىملىرىنى يوللاش ئارقىلىق ئۆز ئەھۋالىنى كۈچلەندۈرۈشكە ھەركەت قىلغاندۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇرۇشلار توغرۇسىدىكى مەلۇماتلار تولۇق ئەمەس ۋە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان شەكىلدە بايان قىلىنىدۇ. كلۇبب ۋە ۋىتىڭ؛ (Clubb Whiting) سوۋېت ـ مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېسىمى بىلەن خىتايلارنىڭ 1947 ـ يىلىنىڭ ئورتىلىرىدا بايتىق بوغدا رايونىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەتتا كلۇبب، «بايتىق بوغدا ۋەقەسىنىڭ» ؛ مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن «غەلبە» بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بەرنەتت بولسا؛ بۇ ۋاقىتتىن 15 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى 1948 ـ يىلى سىنتەبىردە؛ بايتىق بوغدا رايونىنىڭ شىمالى ئېگىزلىكلەرى گومىنداڭنىڭ 14 ـ تۇڭگان ئاتلىق قىسىملىرىنىڭ قولىدا بولغانلىقىنى ۋە مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىرلىكلىرىنىڭ بۇ تاغلارنىڭ شىمالىدىكى ئېتەكلەردە قارارگاھ قۇرغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئوخشاش بولمىغان مەنبەئەلەرنىڭ قاراشلىرىدىكى بۇ پەرقلەرنى ئىزاھلىماق ناھايىتى تەس. ئەمما يىغىپ ئېيتقاندا؛ ئوسمان باتۇرنىڭ قىسىملىرى 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ۋە 1947 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا بايتىق بوغدىغا ئۆتۈپ (گومىنداڭ مەنبەئەلىرىچە، بۇيەردە يىللاردىن بېرى خىتاي ئەسكەرى قارار گاھى بار ئىدى.) تاغلارنىڭ شىمالىدىكى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا بولغان، ئەمما خىتاي ئۆز تېررىتورىيىسى بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن (خىتاي بۇ رايوننىڭ ئۆزىگە قارايدىغانلىقىنى 1962 ـ يىلغىچە ئىلگىرى سۈردى.) رايونغا كىرگەنلىكىنى سۆزلەش مۇمكىن. مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1947 ـ يىلى ئىيۇندا بىرلىشىپ ئېلىپ بارغان ھۇجۇم؛ ئوسمان باتۇرنىڭ قىسىملىرىنى 1946 ـ يىلىدىكى ئىشغالدىن بۇرۇنقى يەرگە چېكىندۈرۈشتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. «بايتىق بوغدا» ۋەقەسىنىڭ نەتىجىسىنى مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىڭ زەپىرى دەپ قارىماق مۇمكىن. كلۇبب ۋە ۋىتىڭ؛ «بايتىق بوغدا ۋەقەسىنىڭ 1947 ـ يىلى يازدا ئاخىرلاشقانلىقى....» قانائەتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن خاتالاشقان. چۈنكى بەرنەتت: قاتتىق ئۇرۇش توختىغان بولسىمۇ، يەنە بىر يىل داۋام قىلغانلىقىنى ۋە ئۇ رايوندا 1947 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇن بىلەن 1948 ـ يىلى ئىيۇن تارىخلىرى ئىچىدە 13 قېتىم ئۇرۇش بولغانلىقىنى.....» بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ داۋامىدا، خىتاي بىلەن مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى ئوتتۇرىسىدا چوڭ رىقابەت بولغانلىقىدا شۈبھى يوق. ھەقىقەتەن گومىنداڭنىڭ بايتىق بوغدا رايونىنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى قوماندانى گېنىرال خەن يۇۋېن‘نىڭ، بەرنەتتكە بەرگەن مەلۇماتىدا: «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سىزىقىنىڭ، تاغلارنىڭ 60 كىلومېتىر شىمالىدا بولۇشى لازىملىقىنى.....» بىلدۈرىدۇ. يۇقۇردا بايان قىلغىنىمىزدەك؛ بۇ چېگرا كېلىشەلمەسلىكىدە، مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، سوۋېتلەرنىڭ يادىمى بىلەن بۇنىڭدىن بۇرۇنقى «ئورنىنى» يېڭىدىن قولغا كەلتۈرۈشتە مۇۋەپپىقىيەتلىك بولغان. ئەمما بۇ كېلىشەلمەسلىك تېگى ـ تەھتىدە، سوۋېت

ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي ئوتتۇرسىدىكى ، ئوتتۇر ئاسىيەگە ھاكىم بولۇش ، كۆرىشى ياتماقتا ئىدى.

بۇنىڭدىن بۇرۇن خىتاي دۆلىتى ئاجىزلاشقاندا، ماناس دەرياسى ۋە بايتىق بۇغدا رايۇنىنىڭ شىمالى تەرەپلىرى رەسمى سوۋېت - خىتاي چىگرا سىزىقىغا ئايلانغان ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، ( ئوسمان باتۇرنىڭ قىسىملىرى چىقىرىلغاندىن كېيىنمۇ ) بايتىق بۇغدا رايۇنىدا، خىتايىنى مەقسەتلىك بىسىم ئاستىدا تۇتۇش بىلەن، ئەنجىگىدىكى مەركىزى خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئوچۇقتىن - ئوچۇق يامانلاشماي، شەرقى تۈركىستادا مەسئۇت سابىرى رەھبەرلىكىنى قىستاشقا ھەركەت قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقئارا جەھەتتىن قارىغاندا ، بايتىق بۇغدا ، ۋەقەسىدىن ھەقىقى جەھەتتىن ئۇتۇپ چىققان تەرەپ ( گەرچە بۇ زەپەر ناھايىتى قىممەت قولغا كەلگەن بولسىمۇ ) سوۋېت ئىتتىپاقى بولغان.

داۋامى 4 - ساندا

ئىنگىلىسچىدىن تۈركچىگە تەرجىمە قىلغۇچى:
ئەنۋەرجان.
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:
ئابدۇلجېلىل قارقاش.

---

ھۆرمەتلىك كىتاپخانلار، تارىخى مەنبەئەلەرنى ئارزۇ قىلغۇچىلارغا ، مۇستەقىل قوماندانلار ، نىڭ ئۆزىگە قارىشىنى رىجا قىلىمىز. تارىخى مەنبەئەلەرنىڭ كۆپلىكىدىن بىز بۇيەردە تارخى مەنبەئەلەرنىڭ ھەممىسىنى سىزلەرگە بىرەلمىدۇق

# ھكمەتلك سۆزلەر

« تۈرلۈك كىتاب ژورنالردىن تاللانما »

ئىمان ئىتماق غايىپقا ئىشەنمەكدۇر، مۇكاپاتى بولسا ھىچ كۆرمىگەننى كۆرمەكدۇر. س ت. ئاگۇستىنى

كىبىر ، بەلگە باغلانغان تاشقا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن قانداق ئۆزگىلى بولسۇن ياكى ئۇچقىلى. ھاجى بايرام ۋەلى.

سەممى بولۇشنى ۋەدە قىلالايمەن؛ ئەمما تەرەپسىز بولۇشنى ھېچ. گوتې

نەسىھەت پايدىسىز بولسا، ئاللاھ پەيغەمبەر ئۇۋەتەمتى؟. پەتھۇللاھ گۈلەن

تارىخنى ئىنكار قىلغان بىر مىللەتنىڭ، دادىسىنى ئىنكار قىلغان بىر بالىدىن نىمە پەرقى بار؟. قادىرجان

ئەخلاق بولغان يەردە دۆلەتنىڭ خىراجىتى ئاز بولىدۇ. ج. يەزدان

گۈزەل ھەركەتلەر، كۆزلەرنىڭ مۇزىكىسىدۇر. ئا. فرانس

قەھرىمانلىق سۆيۈتنى ئوغۇرلىغانلارنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى يالغان قەھرىمانلاردۇر. نەجىپ پازىل

ئىھتىماللارنى ھىساپلىمىغان تەدبىرنى ئالالماس. ئاتاتۈرك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# بىلىم ئاللاھ' دەلىللىرىدۇر.

پروففسور . دو كتور . هانس پون ئايبەرگ
« زىمىندىن ــــ ئەرشىگە مىراج »

ئىزدىگىنىمنى پەقەتلا ئىسلامىيەتتە تاپقان ئىدىم. ئىزدىگىنىم « قانداقلىكى بولسۇن بىلىم بىلەن ئۇيۇشقان بىر ھەقىقەت ئىدى « قۇرئاننى ياد ئالغان ۋاقتىمدا، كۆردۈمكى بىلىم خادىمى ئىزدىگەن « نىشانلار » ئۇنىڭدا يېزىقلىق ئىدى. كائىناتىنىڭ ئالىمى بولغان ياراتقۇچى ئاللاھ' ( جەللە جالالۇھۇ ) بىلىم خادىملىرىگە نىشان ۋە ھەدەپ كۆرسەتمەكتە ئىدى. دىمەك بۇ پۈتۈن ئالەملەرنى « تېشىدا تۇرۇپ بىلگەن ئۇنى ئۆز ئىلكىدە تۇتقان « ۋە ھەر دىگىنىنى زامانلار بۆيىچە بىلىم بىلەن توغرا چىقارغىنىمىز بىر ياراتقۇچى ( مۇتەكەۋۋىن خالىق ) ئاللاھ' بارئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن « ئۇنىڭغا « تەسلىم بولغان ئىدىم....؟

بۇرۇن « ئۆزەمنى يالغۇز « دەپ ھىسقىلاتتىم. پەقەت، ( مەندىن بۇرۇن ۋە مەندىن كېيىن ) ناھايىتى كۆپ ساندا غەرىپلىك پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ماڭا ئوخشاشلا بىر ھىدايەت يولىدىن ئۆتكەنلىكىنى، قانداقلىكى بولمىسۇن بىر ۋەسىلە بىلەن ( مەخپى ياكى ئاشكارا ھالدا ) مۇسۇلمان بولۇپ زىغ - زاغ ئىسمىدا بىر ئىجمائى ئۇممەت ۋە جاماجەت قۇرغانلىقىنى ئۇقتۇم.

مەن ۋە ماڭا ئوخشىغانلار ئۈچۈن، بۇ كۆتۈلمىگەن قايتىشىنىڭ بىرلا ئىزاھى بارئىدى: ئاللاھ' ( ج )، ھىدايەت يولىنىڭ ئىلاھى ياردىمىگە ئەقلى ۋە تەھقىقى جەھەتتىن يېتىشىش كىرامىتى بىلىمدىن كەلمەكتە ئىدى!.

ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق غەرىپلىك پەن - تېخنىكا خادىمى ئوخشاشلا كارامەتنى كۆرگەن ئۆزلىرىدىن باشقا ئائىلىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى ئىزداشلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەر بىلەن بىرلىكتە، بىلىم ۋاستىسى بىلەن ئىسلامغا تەسلىم بولغان ئىدى. دىمەككى دۇنيا يۈزىدىن رەببىمىزگە تۇتاشقان ئانا يوللاردىن بىرىمۇ «بىلىم » نىڭ نەخ ئۆزى ئىدى....!

ئاللاھ'غا مىئراج قىلغان بۇ تاغنىڭ تۆرت ئەتراپى « ئى » ھەرپى بىلەن مۇمكىندۇر. بۇلار **ئىمان** ( ئىتىقات )، **ئىبادەت** ( ئابىدلىق، بەندىچىلىك )، **ئىرفان** ( ۋەلى، ئارىپلىق، مۇرشىد، مۆمىن، تەرەققى پەرۋەر زىيالى ) **ئىلىم** ( بىلىم ئاللاھ' ( ج ) يولىدىكى مۇئارىپچىلار ) بۇلار ئىلاھى ئىلمي مەخپى ھەرىپلەردىندۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى « **ئىللىيىن** » دىگەن بىر ۋەھدانىيەتكە يىغىلىدۇ. بۇ ھەم **ئىخلاس** بىلەن شىفرەلەنگەندۇر.

بىلىم تاپىدۇ، ئەمما تېپىلغان شەيئى ئۆزىگە ئىزاھ ۋە تەپسىر قىلىشنى كۈتۈدۇ. تەپسىر قىلىش كۈچىدىن « بىلىمنىڭ مەقسىدى بولغان **ياراتقۇچىنى** ياراتقانلىرى بىلەن تونۇش « غايىسى مەيدانغا كىلىدۇ. كۆپۈنچە خۇراپە ياكى باتىل ئىتىقاتلار دەپ بىلىنگەن « دىن « قائىدە ئۇسۇللىرىنى بىلمىسىز، تەدبىر قىلالمايدىغانلار بىلەن بىلگەن مەسئۇلىيەتسىزلەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش بىلىم بىلەن بولۇدۇ. بىلىم بىلەن ئىمانغا كەلگەن بىزلەر، ئەڭ چوڭ بىلىم كىتابىمىز قۇرئان كەرىم بولغانلىقىنى بىلىمىز.

بۇنىڭدىن بۇرۇنقى قىسىملىرىمىزدا يازغانلىرىمىز پانتازى ئەمەس، **ھەقىقى ئىلمىي قانۇنلاردۇر**. مەسلەن ئۇزۇن تىزلىكدە كېڭىشىنىڭ چېلىشكىلىرىنى بىزگە بىلدۇرگەن نىسپىلىك ۋە كائىناتنىڭ يارىتىلىش سىرى بولغان كۇئانتۇم نەزەرىيىسى پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنى قۇرۇش بىلمى (1) يازغۇچىسى ئەھۋالىغا چۈشۈرۈپ قويغان.

قاراتۇشۇكلەرنىڭ ( ئاسمان جىسىملىرى ) تېپىلىشمۇ بۇنىڭ ئاچچىق سۇ، لازىسى بولدى. بۇ قېتىم قۇرۇش ـ بىلمى يازغۇچىسى ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالغان پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ « دىنى خادىم » ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

ئىسرا سۈرىسى 9 ـ ئايەت: « **ھەقىقەتەن بۇ قۇرئان ئىنسانلارنى ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ** » مەنىسىدە ۋە بۇ مەنانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلمىي نەزەرىيە باردۇر. نەزەرىيەنىڭ مۇھاپىزىسىنى ھەر ۋاقىت قۇرئان قىلغان. « توغرا يولغا » ئۈندىگەندۇر. نۇرغۇنلىغان **كامچىلىقىمىزمۇ** قۇرئان پۈتۈنلىگەن ئىدى. مەسلەن ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەتتە « **بىز بۇ كىتاپتا ھېچبىر شەيئىنى كام قىلمىدۇق** » كىرامىتىنى بىشىمدىن كۆچۈرگەنمەن.

ئاللاھ" بىلىم توغرىسىدا قايتا ـ قايتا تەشۋىق قىلماقتا. « **ئوقۇ!** » بۇيرۇقىنىڭ ئىجابىچە ساۋاتلىق بولۇش شەرت بولدى. « **قەلەم بىلەن ئۆگەتتى** » يازغۇچىلىقنىڭ سىرى « **ئىنسانغا بىلمىگىنىنى ئۆگەتتى** » بولسا « بىلىم » نىڭ سىرىدۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ، « **بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟** » ( زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت )

يەنە ئۇنىڭدىن كېيىن رەببىمىز، قۇرئان تەپسىرىنىڭ نەخ ئۆزى بولغان « بىلىم » گە سانسىز چاقىرىقلار قىلىپ، ئايەتلەر، مىساللار ۋە دەلىللەر كۆرسىتىپ، بىلىم ئېلىشقا تەشۋىق قىلدى:

« **بىز ئىنسانلارغا ( قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ** »

( سۈرە ئانكەبۇت 43 ـ ئايەت )

بۇ شۇنداق بىر مەرتىۋىكى، پۈتۈن ئىنسان دەرىجىلىرى ئىچىدە، يالغۇزلا ئالىمغا بېرىلگەن بۇ ئىمتىياز، ئەسلىدە، ئالىمنى قورقۇنۇتۇپ تىترەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئىمانغا كەلتۈرگەن، باشقا ئىنسانلارنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر تەۋرىنىشدۇر.

« **ئاللاھ"نىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھ"دىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ** ».

( سۈرە پاتىر 28 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

چۈنكى، توغرا بىلىم ئۈستىدىكى بىلىملىك يەنى بۇيەردە مەقسەت قىلىنغان **ئالىم** ئۈچۈن بېرىلگەن مىساللار ۋە دەلىللەر ئاخىرى ئاللاھ" ئوقۇتقۇچىلىقى نەزەرىيىسىگە ئېلىپ بارماقتا. نەزەرىيە بولسا ياراتقۇچى پەرۋەردىگارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىم بولغانلىقىنى تاپماقتا، ئەقلى كۆل ( ھەممىنى بىلگەن ئۇنىڭ ئىلمىدىن ھېچ نەرسە خالى بولمىغان بىر پۈتۈن ئەقىل ) بىلەن تېپىشقان« جۈزئى ئەقىل ( يۇقۇرقى ئەقلى كۆلنىڭ كىچىك بىر پارچىسى ) » ئىگىسى ئالىم، ئۇنىڭ بىلەن بىر بولماققا ئوخشاش بىر تەۋرىنىشكە ئۇچرىغاندەك قورۇقماقتا ۋە تىترىمەكتەدۇر. « زىلزەل » دەپ باشلانغان زەلزەلە سۈرىسىنىڭ لەدۇنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىرلىرىدىن ۋە زىغ ـ زاغ ئېتىنىڭ سەۋەپلىرىنىڭ بىرسىمۇ بۇدۇر.

خاتا بىلىم ئىگىلىرى بىلەن توغرا بىلىم ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ھەققىدە بولغان ھۆكۈم سۈرە جاسىيەنىڭ 17 ـ ئايىتىدە كۆرسىتىلگەن. بۈگۈنكى غەرىپ بىلىمى يەھۇدىلەشتۈرۈلۈپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە لابوراتورىيەلار مونوپوللاشتۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ « رەسمىي بىلىم » دېيىلىپ، بىرخىل ئۇسۇلدىلا ئوقۇتۇلماقتا. مۇناسىۋەتلىك ئايەت، ئىسرائىل ئەۋلادلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە دۇنيادا ئۈستۈن مەۋقەلەردە بولغانلىقىنى، ئۇلارغا دىن توغرىسىدا بەلگىلەر بېرىلگەنلىكىنى، پەقەت « توغرا ۋە خاتا »، « ئەقىللىق ۋە ئاخماق »، ئايرىمچىلىقى بىلەن پىتنىلەنگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**« .... ئۇلارغا دىن ئىشىدا روشەن دەلىللەرنى بەردۇق، پەقەت ئۇلارغا ئىلىم (دىنىنىڭ راسلىقىغا قەتئىي دەلىللەر) كەلگەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇلار ئۆز ـ ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى ئۇلار ئىختىلاپ قىلىشقان ئىشلار ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ.»**

زامانىمىزدىمۇ بۇكۈنا كىسەل داۋام قىلماقتا خاتا بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئازلا بىر مەنپەئەت ئۈچۈن پاكى بىلىمنى خۇداسىزلاشتۇرۇش غەيرەتلىرى « رەسمىي بىلىم » نىقاۋىغا كىرىۋالغان بىر مافىيا قولىدا تارىخنىڭ بىر تەكرارلىنىشىنى ياشىماقتىدۇر. بۈگۈن، بىلىمنىڭ ۋاتىكانى ( خىرىستىيانلارنىڭ پەيغەمبىرى ) ھېساپلىنىۋاتقان ئامىرىكا خىرىستىيان قوشماشتاتلىرىدا ئەڭ مەقبۇل بىلىم خادىمى مۇسەۋىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا « خۇداسىز » بولغانلار، بۇلارنىڭ ئارقىسىدا خىرىستىيانلار كەلمەكتەدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىمۇ تىلغا ئېلىنمايدۇ.

بولمىسا بىز مۇسۇلمانلار، قۇرئاننىڭ ئاداشماس توغرا نىشانىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ، ئىلىم ۋە پىكىر يولى بىلەن ئايرىلىقلاردىن مۇستەغنا قالالايمىز. قۇرئان ناتوغرا بىلىم ئىگىلىرىنى ئالىم ھېساپلىمايدۇ. پەقەت توغرا بىلىم ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغانلارنى بۇ ئىقتىدارغا نامزات كۆرسەتمەكتەدۇر.

دىنىمىزدە بىر ئايرىمچىلىق ۋە پاكى بىر زىدلىق، قارمۇ ـ قارشىلىق يوقتۇر. بۇنى باردەك كۆرسەتكۈچىلەر بولسا، يېتەرلىك بىلىمى بولمىغانلاردۇر:

**« ئاللاھ' توغرۇسىدا بىلىمى بولمىغانلار ( ئايرىمچىلىققا چۈشۈپ، كېرەكسىز پاكى خاتا ) مۇنازىرىگە كىرىپ شەيتاننىڭ تۇزىقىغا چۈشىدۇ.»** ( سۈرە ھەج 3 \ 4 ئايەتنىڭ بىر قىسمى )

ھەر ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن، كەسپى دىپلومىسى بار، دەرىجىسى يۇقۇرى، ئىلمىي مۇكاپات ئالغان كىشى « ئەقىللىق »، توغرى بىلىم ئەھلى ( ئالىم ) ئەمەستۇر. توغرا ۋە تەبىئىي يول ئۈستىدە بولمىغانلار، بىلىمنى چۈشەنگەن ۋە بىلىمنى ئۆزلەشتۈرگەنلەر قاتارىدا ھېساپلانمايدۇ:

**« بىلىمنى پەقەتلا توغرۇلۇق ئۈستىدە بولغانلار بىلەلەيدۇ . »**

( سۈرە مۇھەممەد 16 ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

توغرا يولنىڭ نېمە بولغانلىقىنى قۇرئان كۆرسەتكەندۇر. بىلىم بىلەن قۇرئاننى

بىرلەشتۈرگەن ئالىملارغا ۋە ۋەلىلەرگە ئىشارەت قىلىپ يەنە يۇقۇرقى سۈرىنىڭ ئۆزىدە 23 \ 24 - ئايەتلىرىدە شۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ :

**« قۇرئان'نى پەقەتلا توغرى يول ئۈستىدە بولغانلار بىلەلەيدۇ .»**

ئالىملارنىڭ ( ھىدايەت دېيىلگەن ) توغرى يول ئۈستىدە بولۇشى، ئۇلارنى ئەڭ ئاخىرى مەقسەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈدۇ. تەھلىل - ئانالىزلىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ، ئالىم جىز، ئالىمى كۆل بىلەن تېپىشىدۇ:

**« ... بىز قۇرئان'نى بىلگەنلەرگە بىسمىللا (باشلانغۇچ ) بولسۇن دەپ ئېۋەتتۇق »**
( سۈرە ئەن'ئام 105 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

ئىنساننىڭ بىلىملىك بولۇشى ئۈچۈن، ئەڭ تۆۋەندىن ئەڭ يۇقۇرىغا بىر رەتكە سېلىپ قارايدىغان بولساق يەتتە باسقۇچتىن ئۆتىدۇ: بۇ يەتتە باسقۇچ بەك مۇھىمدۇر. بۇنى بىرلىكتە كۆرۈپ چىقايلى:

**« ... بۇلاردا تەپەككۇر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھ'نىڭ قۇدرىتىنى كۆرستىدىغان ) دەلىللەر بار . »** (سۈرە رەئد 3 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى)

**« ... ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشىنىدىغان (ھەقىقەتنى ئىزدەيدىغان ) قەۋم ئۈچۈن ئەلبەتتە دەلىللەر باردۇر »** سۈرە بەقەر ( 118 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

**« ... بۇنىڭدا ( ئاللاھ'نىڭ قۇدرىتىنىڭ چوڭلۇقىنى ) پىكىر قىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئىبرەت باردۇر . »** ( سۈرە نەھل 69 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

**« ... چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار . »** ( سۈرە نەھل 13 - ئايەتنىڭ بىرقىسمى )

**« ... ۋەز - نەسىھەت ئالىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ئىبرەت بار »** ( سۈرە نەھل 12 - ئايەت )

**« ... (ئاللاھ'نىڭ قۇدرىتىنى ) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا ئىبرەت بار »** ( سۈرە نەمل 52 - ئايەت )

**« ... بۇنىڭدا ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئاللاھ'نىڭ بىرلىكىنى كۆرستىدىغان ) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار»** ( سۈرە نەھل 79 - ئايەت )

ئايەتلەردىكى ناھايىتى ئىنچىكە پەرىق ئېتىلىيدىغان باشقىچە بېرىلگەن ئۆلگە ( ياكى ئىنساننىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئىلمىي مەلۇمات ) ئۈستىدە ، ئەقلىنىڭ ئىشلىتىشنى، ئالدىن شەرت قىلىدۇ . بىر دىققەت بىلەن قىلىنغان نەزەر بۇ ئىش ئۈچۈن يېتەرلىكدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن ، تېخىمۇ ياخشى بىلمەك ، ئۈچۈن تەتقىق ۋە سىناق قىلماق تەۋسىيە قىلىنغاندۇر. تەتقىقاتلار ئۈستىدە ، مۇھاكىمە قىلماق ، لازىم. بۇمۇ بىز توختىلۇپ ئۆتكەن ، ئىدېئالىزە مىگە تەجرىبىسى، زىھىن گىمناستىكىسى ، دۇر. تەتقىقات ۋە تەجرىبىلەردىن تۈرلۈك پەرەزلەر نوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن ، توغرا بىر ھۆكۈم ، قىلماق تەس، توغرا بىر ھۆكۈم قىلماق ئۈچۈن، تەجرىبە قىلىش خاتالىشىش بىلەن توغرۇسىنى تېپىش جەريانىدا ، ناھايىتى ياخشى پىكىر قىلىش ، لازىم. پەرەزلەرنىڭ نەزەرىيەلىشىشى ئۈچۈن ، ياخشى چۈشەنگەن ، بىر گۇرۇپپىنىڭ بولۇشى كېرەك. سىڭدۈرۈلگەن، ئاسىملاتسىيە قىلىنغان نەزەرىيە بولسا ، ياخشى بىلگەن ، لەرنىڭ قولىدا باھا بېرىلىپ ئىسپاتلىنىدۇ. پەقەت بۇ ، ياخشى بىلگەن ، لەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلىمنىڭ ئاللاھ (ج) كۆرسەتكەن ھەم يۇشۇرغان سەنئىتىگە ياراتقىنىغا «ئىشەنگەن» تەقدىردە «ئالىم» ھېسابلىنىدىغانلىقى تەيىن قىلىنغاندۇر.

غەرىپلىك بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى، بۇ ئاخىرقى ئايەتنىڭ سىرىدۇر.

شۇنداق قىلىپ «ئىنسانلارغا» ھەرنەرسىنىڭ «ئوپ - ئۇچۇق» كۆرستىلگەنلىكى؛ لېكىن بۇ ئوچۇقلۇقنى، پەقەتلا ئالىملارنىڭ بىلەلەيدىغانلىقىنى كرىپتولوجىك (مەخپى يېزىق ئىلمى ۋە تەتقىقاتى)، مەنادا بېرىلگەندۇر.

قۇرئان ۋە بىلىمنىڭ ئوخشاش شەيئى بولغانلىقىنى، بىلدۇرگەن نۇرغۇنلىغان مۇبارەك ھەدىس - شېرىپنى بۇنىڭدىن بۇرۇنقى جىلتلىرىمىزدە كۆپ ئورۇنلاردا بايان قىلغان ئىدىم. بىر ھەدىستە شۇنداق دەپ بۇيرۇيدۇ: «قۇرئان پۈتۈن بىلىملەرنىڭ ئانىسىدۇر. دۇنيا (ماددى كائىنات ۋە باشقىلار...) ئاخىرەتكە (باشقا پىلانىتلارغا) مۇناسىۋەتلىك قانچىلىك بىلىم بولسا ئۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەندۇر.» بۇ ھەدىسنى ئالىملار، قۇرئاننىڭ 77200 (بىلىنگەن، گەشىپ قىلىنىدىغان ۋە گەشىپ قىلالمايدىغان ياكى غەيىپ قاتلاملاردىن بېرىلگەن) بىلىم تارماقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ھەققىدە مەنا بەرگەندۇر. قۇرئان‘نىڭ ئەرشتىكى ئەسلى بولغان لەۋھۇل مەھپۇز ياكى «كىتابى مۇبىن» دە، پۈتۈن بارلىقلار، كىچىگىدىن چوڭىغىچە؛ تىرىلىشتىن بۇرۇن، ئۆلۈمنىڭ ئاخىرىغىچە، تىرىك، ئۆلۈك پۈتۈن نامى ئەمالى بىلەن بۇرۇندىن بىلدۈرۈلگەندۇر. ھەر بارلىق ئۆز ئالدىغا بىر بىلىم بولغان:

**غەيىپنىڭ خەزىنىلىرى ئاللاھ‘نىڭ دەرگاھىدىدۇر، قۇرۇغلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ‘ بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللاھ‘ بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاھ‘غا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇل مەھپۇزدا يېزىقلىقدۇر.»** (سۈرە ئەنئام 59 - ئايەت)

قانداقكى قۇرئانىمىز، «ئەرشتىكى لەۋھۇل مەھپۇزنىڭ» زېمىندىكى ئەكسى نۇرى بولسا، ئاسترونومى بىلىملەردە يەر يۈزىدە مۇشۇندا بىر ئەكسى نۇرىنىڭ، دەلىلى بولغانلىقى سۆزلەنگەندۇر:

**«ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھ‘نىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كېتىدۇ.»** (سۈرە يۇسۇپ 105 - ئايەت)

ھەقىقەتەن، ئىنسانلارنىڭ ئۈستىگە، خۇددى بىر «ئۆلۈك تۇپراق» سېپىلگەن. غەپلەت ۋە دىققەتسىزلىك تەپەككۇر قىلىش ئاجىزلىقى، ھېچ نويلاپ باقماسلىق، ئەھمىيەتسىزلىك، پىكىر قىلىش ھورۇنلۇقى ۋە پايدىسىز قۇرۇق نەرسىلەر ئىنسانلارنى بىلىمدىن يىراق قويماقتىدۇر. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى، بىر غەپلەت ئۇيقۇسىغا تالغان... يۇقۇرىدىكى ئايەت، پىكىر قىلمايدىغان مۆمىنلەرگە، مۇناپىقلار ۋە كاپىرلار ئۈچۈن ئومۇمى بىر خىتاپدۇر. مۆمىن پۈتۈن ئۆمرىگە، ھەر نەرسىنى سىغدۇرغان. پەقەت بىلىمگە ۋاقىت تاپالمىغان.

ئايەتلەر، (بۇنىڭدىن بۇرۇنقى كىتاپلىرىمدا يازغىنىمدەك) مەن ساناپ پۈتتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە لەدۇننى (شېرى - بىلىم) مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتىدۇر. بۇ

يەردە شىپرە بولغان خىتاب، ھەر زامان ھەر ئىلىمگە ۋە ھەر دەۋرنىڭ ئالىمىغا بولغان ئالاھىدە بىر يىپ ئۇچىدۇر. بۇ يىپ ئۇچلىرى ھەر زامان باسقۇچىنىڭ زامانىۋى ئەمەلىلەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئالىملارغا چىراق ياندۇرماقتىدۇر. ئىنشائاللاھ، بىر قۇرئان تەپسىر يازغان چېغىمىزدا بۇلارنى ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تەقدىم قىلىمىز

ئايەتلەر بىر تەرەپتە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاددى دەرىجىدىكى مۇبارەك سۆزلىرىمۇ ئىنسان ئىشىنەلمەسلىك دەرىجىدە لەدۇنى كاھانەتلەرنىڭ خەۋەرچىسىدۇر. ھەدىسلەرمۇ ئۆز زامانىغا قارىتا سۆزلەنگەن بىر سۆزلىكدىن چىقىدۇ ۋە ھەر زامانغا لايىق بولغانلىقىنى سۆزلەش مۇمكىندۇر. بۇ تەسبىتلىرىمنى يېزىشقا باشلايدىغان بولسام مۇستەقىل بىر قىرائەتخانىنى كىتابلار بىلەن تولدۇرغان بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ مەن سىزلەرگە بۇ يەردە بىرلا مىسال بېرىپ ئۆتمەك ئىستەيمەن

راسۇلۇللاھ، چېچىمىزغا زەيتۇن يېغى سۈرۈشىمىزنى تەۋسىيە قىلغاندۇر. ھەتتا بۇ تەۋسىيە، بىر قىسىم مۆمىنلەردە «سۇيۇق ياغنى چېچىمىزغا سۈرۈپ پىتلەندۈرۈشنىڭ مەنىسى نىمە؟» دىگەندەك ئۆزىچە مەنىسىز كۆرگەن بىر ھەدىسكە «سەھىھ ھەدىس بولماسلىقى مۇمكىن» دىيىشى ئېھتىمال. لېكىن ھەدىس پۈتۈنلەي سەھىھ ھەم ھەدىستە سۆزلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى توغرىدۇر.

ھەدىسنى سۆزلىگەن دەۋر، سوپۇننىڭ كەشپ قىلىنىشىدىن بۇرۇن ئىدى. سوپۇننىڭ ئانا ماددىسى بولغان زەيتۇن يېغى، ساقلانغان قاچىدا، ئۇيغۇن بولغان ھالدا ئاستا ـ ئاستا ئورگانىك ئېرىش نەتىجىسىدە ئەرەپ سوپۇنى ھالىغا كېلىشى بىلەن ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق ھالغا كەلدى. ئەگەر بۇ سۇيۇق سوپۇننى سۈيىدىن ئايرىسىڭىز قېلىپ سوپۇنى بولىدۇ. ئەگەر بۇ سۇيۇق سوپۇن ئېچىتقۇ ۋە باشقا قوشۇمچە ماددىلار بىلەن كونسانتىرە قىلىنسا «شامپۇ» بولىدۇ. بۇ شامپۇغا ئايرىم ھالدا زەيتۇن يېغى بەرسىڭىز، چاچ دورىسى بولىدۇ.

گۆزىمىزگە تارتىشقا رۇخسەت قىلىنغان سۈرمە بىلەن يورۇقلۇق تەگمەس كۆزنەينىڭگە ئوخشاش تۈرلۈك باغلىنىش قۇرالايسىز. ھەدىسلەرنى بېشىدىن كەشپ قىلماق لازىم، راسۇلۇللاھ' نىڭ نىمىنى، نىمە ئۈچۈن، نىمشقا ۋە قانداق خەۋەر بەرگەنلىكىنى چۈشىنىشكە تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى راسۇلۇللاھ' سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاھىدە، «ئاخىر زامان مۇسۇلمانلىرى» دەپ بىزگە خىتاب قىلماقتىدۇر.

ھەدىسلەردىمۇ ئۆز ئالدىغا ئىلمىي سىرلار بولغان بولسا، ئايەتلەرنىڭ «ھەر زامانغا خىتاب قىلىدىغان ئەۋزەللىكىنى» (زامانلار كونۇرىشى بىلەن قۇرئان' نىڭ يېڭىلىدىغانلىقىنى) زامانلارغا قاراپ؟ «ئالىملار چۈشىنەلىگىدەك» دەرىجىدە ئىشارەت قىلىنغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابدۇلجېلىل قارقاش**

ئىزاھ :

1) قۇرۇش بىلىمى. پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئەڭ يۇقۇرى سەۋىيەدە ھېساپلىنىدىغان كەشپىياتلاردىن چەتنەپ كەتمىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان ياكى ئىشلەنگەن بىر ئىش

ھۆرمەتلىك كىتابخانلار! بۇ ماقالىدىكى قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنىڭ تەرجىمى تەپسىرى، لەپزى ئەمەس كۆپىنچە مەنىۋىدۇر. بۇنى توغرا چۈشىنىشىڭىزلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# شېرى گۈلزارلىرىدىن

سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى

## ۋەتەننى بىز قۇتۇلدۇرساق

كۆزۈمدىن كەتمىدىك بىردەم گۈزەل دىيارىم ھىجرەتتە،
سېنى ياد ئەيلىدىم ھەرچاغ خوشاللىق ياكى كۈلپەتتە.
كۆزۈم ھېرگىز ئۇچۇق كەتمەس ساڭا قەرزىم ئادا بولسا،
ئۆتۈپ كەتسە پۈتۈن ئۆمرۈم ساڭا ئەڭ ياخشى خىزمەتتە.

شۇ غايە يولىدا چۈشتۈم ئۇچۇق مەيدانغا جۈرئەتتە،
كۆرەش تۇلپارىنى مىندىم ئۈچارمەن كۆكتە سۈرئەتتە.
دەردىڭگە شىپا تاپماق سېنى مەلئۇندىن قۇتقازماق،
ماڭا قەرىزدۇر ماڭا ۋاجىپ قەدىردان يۇرتۇم ئەلبەتتە.

كۈچەيدى قاتمۇ ـ قات ئىشقىڭ ياقا يۇرتلاردا غۇربەتتە،
يېتەر بەس! ئۇخلىماق يوق بىزگە هارام ئۇيقۇدا غەپلەتتە.
ۋەتەن ئەۋلاتلىرى لەنەت ئوقار، ھەرگىزنەپۇ ئەتمەس،
غازاتقا تۇرمىسەك بىز يەڭ يىگى ئىمكاندا، پۇرسەتتە.

ئىستىقلال بۈيۈك نىئمەت، تېگى يوق قەدرى قىممەتتە،
ئاتالسۇن مال ۋە جانىمىز ۋەتەن ئەركىگە ھىممەتتە.
جاپا ـ مۈشكۈلگە باش ئەگمەي كۆرەشنى بىز داۋام ئەتسەك،
ئەركىنىڭ دىلبىرى كۈلۈپ ئاچار قوينۇنى ھۆرمەتتە.

گۈزەل تارىخىمىز ئۆتكەن ئىدى شان بىلەن شەۋكەتتە،
بۈگۈن قىممەتسىز قالدى چاۋات چاتقالدا، ئەخلەتتە.
ۋەتەننى بىز قۇتۇلدۇرساق زۇلمەت ئەجدەرھاسىدىن،
ياشارمىز ھۆر بەخىت ئىچىدە سائادەت قوينى دۆلەتتە.

مۈنچىن نويابىر 11 . 1993 .

## ئىلىم ـ تېخنىك

1957 . 10 . 04 دە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سۇپۇتنىك ـ ئى (Sputnik-I) دەپ ئاتىغان جىسىم، ھاۋا بوشلۇقىدا ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى بىلەن، پۈتۈن دۇنيا ئادەتتە بىر ھاياجانلىق دولقۇنى ئىچىگە كىردى.

ئامرىكا خەلقىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاپوللو (Apollo) پورگراممىسى دەۋرىگە كىردى ۋە ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر شەكىلدە تەرەققىي قىلغان ئاسترونومىيە تېخنىكى، بۈگۈن ئىنسان ئىدراكىنى ئويلاندۇرىدىغان مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى.

ھازىر يەرشارى ئەتراپىدا ۋە باشقا پىلانېتلار ئەتراپىدا يۈزلىگەن سۈنئىي ھەمرالار ئايلىنىپ تۇرماقتا.

ئېغىرلىقى ۋە ئۆزئوقى ئەتراپىغا قاراپ، ئۆزىگە خاس شەكىلدە ياسالغان بۇ سۈنئىي ھەمرالار ئىچىدە، ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلگەنلىرى خەۋەرلىشىش، ھاۋارايىنى كۆزىتىش سۈنئىي ھەمرالىرىدۇر.

ئايرۇپىلانلارنىڭ ئۇرۇشلاردا ئىشلىتىلىشى بىلەن بىرلىكتە، ھاۋادىن سۈرەتكە ئېلىشمۇ مۇھىم بىر ھەربىي چارىگە ئايلاندى.

بىر دۆلەت، ئېغىر قوراللىرىنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە يۆتكەۋاتامدۇ؟ بۇنىڭدىن، ھاۋا بولۇشلۇقىدا سۈنئىي ھەمراسى بولغان دۆلەتلەر بۇ ھەركەتتىن 1 ـ 2 مىنۇتتىلا خەۋەر تاپالايدۇ. مانا شۇ تەخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ئىشلىتەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. چۈنكى، ئوت ئالغان بىر باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قارشى تەرەپنىڭ كۆزىتىش ئېكرانلىرىدا كۆرۈلىدۇ ۋە ئۇنى مۆلچەرلەپ بومبىنىڭ نىشانلىغان يېرىگە ئۇلاشقىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يوق قىلغىلى بولىدۇ.

كۆزىتىش سۈنئىي ھەمرالىرى، رەقىب دۆلەتلەرنىڭ ھەر ـ خىل خەۋەرلىشىشنى ئاڭلىيالايدىغان سۈنئىي ھەمرالاردۇر. ئاۋاز دولقۇنلىرى تېخنىكىسى سۈنئىي ھەمرالار ئارقىلىق بىلىم ئالماشتۇرۇش ئىمكانى ئىچىگە كىرىشى بىلەن، ھاۋابوشلۇقىدىن كۆزىتىش ئارقىلىق بىلىۋېلىش قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھالغا كەلدى.

بىرىنچى بولۇپ كىلاسسىك تېخنىكىلەر بىلەن سىزىلغان خەرىتىلەر تۈزىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەرجەھەتتىن توغرا بىر دۇنيا خەرىتىسى، پەقەتلا 1970 ـ يىللاردىلا بارلىققا كەلدى. ئارقىسىدىن، يەريۈزىنى قاپلىغان سۇ، ئۆسۈملۈكلەر، ئولتۇراقلاشقان يەرلەر، سانائەت بازىلىرى ۋە باشقا يەر ۋە جايلارنى كۆزىتىپ مۇقىملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلدى. بۈگۈن دۇنيا يۈزىدىكى 50x50 سانتى مېتىر يەرنى كۆرەلەيدىغان يۈكسەك قابىلىيەتلىك سۈنئىي ھەمرالار بارلىققا كەلدى.

**ئابدۇلجېلىل قارقىلىش**

# ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى

يازغۇچى: ئەبۇئەلا مەۋدۇدى

## تەرجىمە قىلغۇچىدىن

مەن، ئەبۇل ئەلا مەۋدۇدىنىڭ بۇ كىتابىنى بىرىنچى قېتىم 1947 - يىلى ھىندىستاندا ( ھازىرقى پاكىستان ) تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ چوڭقۇر تەسىرات ئالغان ئىدىم. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇ ئەسەرنى ئۆز ئانا تىلىمغا تەرجىمە قىلسام، بۇنىڭدىن ۋەتىنىمدىكى باشقا ياشلارمۇ پايدىلانسا دېگەن ئارزۇيۇم بار ئىدى. چۈنكى مەۋلانا مەۋدۇدى «بۇ رىسالىنى خۇسۇسەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى سىنىپىدا ۋە ئالى مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى يىللىق سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن» يازغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ھەقىقەتەن، ھازىرقى ماددە پەرەسلىكنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتىدىن چىقىپ ئىسلامنىڭ نۇرلۇق يولىغا ئىنتىلىۋاتقانلار ( بولۇپمۇ ياش زىيالىلار ) بۇنداق بىر ئايدىڭلاتقۇچى ئەسەرگە بەكمۇ تەشنا. بۇنى مەن، ئىمامى نەۋەۋى يازغان «قىرق ھەدىس ۋە شەرھى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بېسىپ تارقاتقاندىن كېيىن، تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلغىلى باشلىدىم. بۇ كىتاپ يېتىپ بارغان ھەرقايسى جايلاردىكى كىتاپخانلاردىن ماڭا كەلگەن يۈزلەرچە خەتلەردىكى تەسىرلىك ئىپادىلەر بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مەن «تامچە» ژورنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىنى مەنۋى ئۇفققا ئىنتىلگەن ياش نەسلىمىز ئۈچۈن بۇ يولدا بىر پۇرسەت دەپ بىلىپ «ئىسلامنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى» نىڭ بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى بۆلۈم - بۆلۈم بولغان ھالدا سىز كىتاپخانلارغا تەقدىم قىلىشنى ئىرادە قىلدىم.

جەنابى ئاللاھ بۇ خەيرلىك ئىشنى غەلبىلىك تامام قىلغىلى نەسىپ ۋە مۇيەسسەر قىلسۇن!

د. م. ياقۇپ بۇغرا ـــ 1995 . ئەنقەرە

بسم الله الرحمن الرحيم

## مۇقەددىمە

بۇ قىسقا رىسالە خۇسۇسەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى سىنىپىدا ۋە ئالى مەكتەپلەرنىڭ بىرىنچى سىنىپلىرىدا ئوقۇۋاتقان ياشلار ئۈچۈن يېزىلدى. شۇنداقلا، ئادەتتىكى باشقا كىتاپخانلارمۇ پايدىلىنالايدۇ. بۇ كىتاپنىڭ بىرىنچى نەشرى 1937 - يىلى بېسىلدى، ھىندىستاننىڭ كۆپلىگەن مەدرىسلىرىدە ۋە پاكىستان قۇرۇلغاندىن كېيىن، پاكىستاننىڭمۇ كۆپلىگەن مەكتەپلىرىدە رەسمى دەرسلىك كىتابى قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ يىگىرمە ئالتە يىل ئىچىدە ھازىر يىگىرمە ئۈچۈنچى قېتىم نەشردىن چىقىۋاتىدۇ. بۈگۈنگىچە، خەلقئارادا بەش خىل تىل بىلەن يۈزمىڭ دانە بېسىلىپ تارقىتىلدى.

بىزدە بۈگۈنگىچە، دىنى مۇئارىپتىكى پۈتۈن ئۆلچەملەر ئومۇمەن مۇنداق بولۇپ كەلدى: ئوقۇغۇچىلارغا كۆپىنچە فىقھى مەسئىلەلەرنى ئوقۇتۇش. بۇنىڭدا ناماز، روزا ۋە تاھارەت قاتارلىق مەزمۇنلارنىڭ تەپسىلاتىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئامما، دىنى ئېتىقاد توغرىسىدا بولغان تەلىمات نىسبەتەن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇسۇلنىڭ نەتىجىسىمۇ دېگەندەك ئۈنۈملۈك بولمىغان. ئوقۇغۇچى بولسا، ئوقۇشىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىسلام دېگەن نىمە؟ بىزدىن نىمىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە نىمە ئۈچۈن ؟ ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ ئىنسان ھاياتى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ ئەگەر بۇ ئەقىدىلەرگە بويسۇنۇپ ئەمەل قىلسا قانداق پايدىسى بار؟ ئەمەل قىلمىغاندا قانداق زىيىنى بار؟ ئىسلام پەقەت بۇيرۇق بىلەن بۇ ئەقىدىلەرگە

بويسۇنۇشنى ئىستەمدۇ ياكى بۇلارنىڭ توغرا ۋە ھەق ئىكەنلىكىگە دەلىل ـ ئىسپاتلىرى بارمۇ؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دىننى بىلىش ئۇنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئېتىقادىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ناھايىتى موھىم. بۇلارنى زېھنىگە ئۇبدان يەرلەشتۈرمىگەندە فىقھىنى ئۆگىنىشنىڭ ھېچ پايدىسى يوق. چۈنكى ئىمان بولمىسا ئەھكاملارغا ئىتائەت قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا، ئىمان ئېتىقات مەسىلىلىرىنى تولۇق چۈشەنگەندىلا ئۇندىن كېيىن مۇستەھكەملىنىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ناماز ۋە رۇزا توغرىسىدىكى ئەھكاملارنى سۆزلەشتىن، ئوقۇغۇچىغا ئىبادەت ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىكى ھېكمەتنى چۈشەندۈرۈش ناھايىتى مۇھىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچى چىن قەلبى بىلەن دىنى ئەھكاملارغا بويى سۇنۇپ ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييارلىنىدۇ. ناماز ئوقۇش تەرتىپلىرىنى ئۆگىنىش بولسا ئالدى بىلەن ناماز ئوقۇشنى خالىغان كىشى ئۈچۈن پايدىلىق بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشى ناماز ئوقۇشقا ھازىر بولمىسا، ئۇ كىشىگە ناماز ئوقۇشنىڭ تەرتىپلىرىنى ئۆگىتىشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن، ناماز ئەھكاملىرىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلارغا ناماز دېگەن نېمە؟ بۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن پەرز قىلىندى؟ نامازنىڭ پايدىسى نېمە؟ ۋە نامازنى تەرك قىلغانىنىڭ زىيانلىرى قايسى؟ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش باشقا مەسىلىلەرنى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ قەلبىگە يەرلەشتۈرمەك لازىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تەپسىلاتلىرى بايان قىلىنسا پايدىلىق بولىدۇ.

مەن بۇ رىسالىنى يازغاندا يۇقۇرقى ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتتۇم. شۇنىڭ بىلەن دىني تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرىدا يېڭى بىر ئۇسۇل قوللىنىشقا تىرىشتىم. مېنىڭچە بۇ ئۇسۇل كونا ئۇسۇللىرىمىزغا ئوخشىمايدۇ. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان ئەھۋالىغا قارىغاندا بۇ ئۇسۇلنىڭ پايدىسى ئېھتىمۇ كۆپ.

بۇ ئەسىرىمىزدە قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىپ ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ بىر خۇلاسىسىنى تەقدىم قىلدىم. ئاللاھ' دىن بۇ ئىشىمدا مەقسىتىمگە يەتكۈزۈشنى تىلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ رىسالە ئارقىلىق دىني تەلىم ـ تەربىيە ساھەسىدە ئېھتىمۇ پايدىلىق بولىدىغان يېڭى بىر يولنىڭ ئېچىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئەبۇئەلا مەۋدۇدى 1960 ـ يىل ئاپرېل

---

بۇ كىتاپ 1937 ـ يىلى ئوردۇ تىلىدا « رىسالەئى دىيانەت » يەنى دىنى ئىلىم قوللانمىسى دېگەن نام بىلەن بىرىنچى قېتىم نەشردىن چىقتى. قولىڭىزدىكى ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بۇ كىتاپنىڭ 1960 ـ يىلى « دىنيات » ئىسمى بىلەن چىققان يىگىرمە ئۈچىنچى نەشرىگە ئاساسەن تەرجىمە ئىشلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا تۈر كىچە « Islam'a Ilk Adim » ئىسلامغا قاراپ تاشلانغان بىرىنچى قەدەم دېگەن ئىسىم بىلەن ۋە ئىنگلىزچە « Towards Understanding » ( ئىسلامنى چۈشىنىش ) دېگەن تەرجىمە نۇسقىسىدىنمۇ پايدىلىنىلدى. ئۇستاز مەۋدۇدىنىڭ بۇ مەشھۇر ئەسىرى يۇقۇرقىلاردىن باشقا ئەرەبچە، پارسچە، فرانسوسچە ئىتالىيانچە، گىرمانچە، پورتىگالچە، ياپونچە ساۋاھىلچە، ھىندىچە، سىندىچە، ئالبانچە، بوشناقچە مالازىيەچە، تامىلچە، پەشتۇنچە، باڭگالچە، گۇرجىچە قاتارلىق تىللارغا تەرجىمە قىلىنىپ مىليۇندىن ئارتۇق بېسىلىپ چىقتى. مۇئەللىپ ھەر بىر يېڭى نەشرىنى باشقىدىن كۆزدىن كۆچۈرۈپ ئالدىنقىلىرىغا كۆرە يېڭى مەزمۇنلار بىلەن تولۇقلاپ چىقتى.

( تەرجىمە قىلغۇچىدىن )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى بۆلۈم

### ئىسلام

دۇنيادىكى پۈتۈن دىنلار شۇ دىننىڭ قۇرغۇچى كىشىنىڭ ياكى ئۇ دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان خەلق ۋە ياكى مىللەتلەرنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. مەسىلەن، خرىستىيانلىق (ئىسائىيەت) (خرىستىيان) ھەزرىتى ئىسانىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدۇ. بۇددا دىنى بولسا قۇرغۇچىسى «گوتۇما بۇددا» نىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. زەردەشت دىنمۇ بۇ دىننى قۇرۇپ چىققان «زەردەشت» دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. شۇنداقلا يەھۇدى مەزھىبى «يەھۇد» ئىسىملىك بىر قەبىلە ئىچىدە راۋاجلانغانلىقتىن بۇ دىن يەھۇدىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ئىسلام دىنىدىن باشقا پۈتۈن دىنلاردا ئەھۋال مۇشۇنداق.

ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ھەر قايسى بىر شەخس ۋە ياكى بىر قەۋمگە مەنسۇپ بولمىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر. دىنىمىزنىڭ بۇ ئىسمى «ئىسلام» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىدىن كېلىپ چىققان بىر ئالاھىدە سۈپەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىسىمنىڭ ئۆزىدىنلا بۇنىڭ بىر شەخس تەرىپىدىن ئىجات قىلىنىپ چىققان دىن ئەمەسلىكى شۇنداقلا، بۇ ئىسىمنىڭ قانداقتۇر بىر قەبىلە ۋە ياكى بىر يۇرتقا مەنسۇپ بولمىغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ دىننىڭ بىرلا مەقسىدى، ئىنسانلار ئارىسىدا «ئىسلام» نىڭ راستچىل ۋە توغرا نىيەتلىك كىشىلەر ئارىسىدا بۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغانلار مەيلى قايسى ئىرىق، قايسى مەملىكەت ۋە ياكى قايسى قەۋمدىن بولۇشتىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار «مۇسلىم» ۋە مۇسلۇماندۇر.

### ئىسلام ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى

«ئىسلام» ئاتالغۇسى ئەرەبچە سۆز بولۇپ بويۇن ئەگمەك، تەسلىم بولماق (ئۆزىنى تاپشۇرماق) ۋە ئىتائەت قىلماق دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. دىنىمىزنىڭ ئاساسى، ئاللاھ تائالاغا بويسۇنۇش ۋە قەتئىي ئىتائەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقتىن بۇنىڭغا «ئىسلام» دەپ نام بېرىلگەن.

ھەممىمىز كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسىلەر بىر تۈزۈم ۋە ئۆزگەرمەس قانۇنىيەتكە باغلىق. ئاي ۋە يۇلتۇزلار مۇكەممەل ۋە مۇستەھكەم بىر قانۇن سىستىمى بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان بولۇپ بۇنىڭدا زەررىمۇ خىلاپلىق يۈز بەرمەيدۇ. كۈن، ئاي ۋە يەرشارى ئۆزىگە مەخسۇس بىر سۈرئەتتە ئايلىنىپ بەلگىلەنگەن سىزىق ۋە نىشان بىلەن مېڭىپ قىلچىمۇ ئۇ يولىدىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاقتى ۋە سائىتىدىن قىلچىمۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولمايدۇ. سۇ، ھاۋا، يورۇقلۇق، ئىسسىق ـ سوغاق بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر تۈزۈمگە بويسۇنىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈكلەر ۋە جانلىقلار، ماددا ۋە ئېنىرگىيەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىگە مەخسۇس بەلگىلەنگەن قانۇنىيەت بويىچە پەيدا بولىدۇ، ئۆزگىرىدۇ، قىسقارايدۇ، ياشايدۇ ۋە ئۆلىدۇ. ئىنسانغا بىر نەزەر سېلىپ ئويلاپ كۆرگىنىمىزدە ئەھۋال يەنە يۇقىرىقىدەك يەنى ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىش جەريان ۋە باسقۇچلىرى بەلگىلەنگەن تەبىئەت قانۇنىيىتىگە باغلىق. نەپەس ئېلىشى، ئوزۇقلىنىشى، ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇقتىن پايدىلىنىشى، يۈرەك ھەركىتى، قاننىڭ ئايلىنىشى قاتارلىقلار بۇ تۈزۈمگە ئاساسەن بىر

رېتىم بىلەن داۋام قىلىدۇ. ئىنساننىڭ مېڭىسى، ئۆپكىسى، كۆزلىرى، پۇت قوللىرى ۋە پۈتۈن نېرۋىلىرى يەنى بەدىنىدىكى بىر ھۈجەيرىدىن تارتىپ بىر پۈتۈن ئورگانلىرىغا قەدەر، ئۇلارغا ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلگەن قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدۇ. قىسقىسى، كائىنات قانۇنلار بىلەن باشقۇرۇلغان بىر ئالەمدىن ئىبارەت بولۇپ ئىچىدىكى ھەرنەرسە ئۆزىگە بېرىلگەن ئەمرى بەلگىلەپ بېرىلگەن يولنى بويلاپ ئىلگىرلەيدۇ.

ئەمدى مەسىلىگە باشقا بىر تەرەپتىن قاراپ تەتقىق قىلايلى:

ئىنسان ھاياتى ۋە پائالىيتى جەريانىدا، بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى خىل مەيدانغا ئىگە قىلىپ يارىتىلغان. بىرىنچىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرى ئىلاھى قانۇنىيەتلەرگە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ بۇ قانۇن ۋە تۈزۈملەردىن قىلچىمۇ ئاشقىرى چىققىلى بولمايدۇ. قېچىپ قۇتۇلمايدۇ ياكى بىر قەدەممۇ ئىلگىرى ئاخىرى قىلالمايدۇ. باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش پۈتۈنلەي تەبىئەتنىڭ قانۇن ھۆكملىرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇردۇر. ئىككىنچىسى؛ ئىنسان ئەقىل ۋە پەھىمگە ئىگە يارىتىلغان ئويلاش، چۈشۈنۈش، مۇھاكىمە قىلىش، تاللاش، قوبۇل قىلىش، رەت قىلىش، خالاش ۋە خالىماسلىققا ئوخشاش ئىرادىگە ئىگە. ھاياتتا خالىغان بىر تۇرمۇش شەكلىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئەركىنلىكىگە ئىگە ۋە خالىغان بىر چۈشەنچىنى، ئىدىلوگىيىنى قوبۇل قىلالايدۇ. مانا بۇ جەھەتلەردە باشقا مەخلۇقاتلارغا قارىغاندا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئويلاش، تاللاش ۋە ھەركەت قىلىش ئەركىنلىكى بېرىلگەن. دېمەك ئىنسان دۇنيادا

يارىتىلغان باشقا ئوخشاش يارىتىلىشى جەھەتتە « تۇغۇلما مۇسۇلمان » دۇر. ئاللاھ نىڭ قانۇنلىرىغا بويسۇنۇدۇ ۋە بويسۇنۇشقا مەجبۇر. بۇلارنى بىز يۇقۇردا بايان قىلدۇق.

مۇسۇلمان بولۇش، بولماسلىق ( ئىسلامنى قوبۇل قىلىش، ياكى رەت قىلىش ) ئىنساننىڭ ئىختىيارىدادۇر. شۇنداقلا، بۇ ئىختىيار ئەركىنلىك ئاساسىدا ئىنسانلار مۆمىن ۋە كاپىر دەپ يەنى ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. ياراتقۇچىسىنى تونۇپ ئۇنى مۇتلەق ھاكىم دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇن ۋە ئەمرى ـ پەرمانلىرىغا چىن قەلبىدىن ۋە تەلتۆكۈس كامىل ئەمەل قىلىپ بويسۇنغان، خۇسۇسى ۋە ئىجتىمائى ھاياتىدا ئىنسانلارغا تەبلىغ قىلىنغان پىرىنسىپلەرگە رىئايە قىلغان كىشى تولۇق « مۇسۇلمان » بولغان كىشىدۇر. بۇ ئىنسان ئۆزى ئىگە بولغان، ئەركىن ئىرادە ۋە ئىختىيارى تاللۇۋېلىش ھەققىنى ئاڭلىق ئاساستا ئىشلىتىپ ئاللاھ غا ئىتائەت قىلىشتا قارار قىلغانلىقى ئۈچۈن دىن ئىسلامنىڭ مۇكەممەلەشكەن باسقۇچىغا ئېرىشكەن ۋاختىدۇر، چۈنكى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى تولۇمەن ئاللاھ غا بويسۇنغان ھالدادۇر. بۇرۇن چۈشەنمەي تۇرۇپ ئىبادەت قىلغان بولسا ھازىر ئىگە تەھتىگە يېتىپ ئاڭلىق ھالدا بويسۇنماقتا، ياراتقان ئىگىسىگە چىن قەلبى بىلەن ئىتائەت قىلماقتا، ئۇنىڭغا ئاتا قىلىنغان ئۇگۇش ۋە بىلىش قابىلىيتىنىڭ كۈچى بىلەن ياراتقۇچىسى ئاللاھ نى تونۇغانلىقى، ئۇنىڭ ھەققى بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىدۇر.

داۋامى بار

## سۆھبەت « مەدەنى ئىنسان »

مەدەنى ئىنسان، ھەر شەيئىدىن ئەۋۋەل گۈزەل ئەخلاقلىق، توغرا ۋە تىرىشچان بولىدۇ. ئەڭ باشتا ياخشى بىر « دىن » تەربىيىسى كۆرگەن، پەننى بىلىملەرنىمۇ ئۆگەنگەن بولىدۇ. سۆزى ئۆزى توغرا، ئۆز ئىشلىرىغا بېشىدىن ئايىغىچە ناھايىتى دىققەت قىلىدىغان بولىدۇ.

دىنىڭ ئەمرى پەرمانلىرىنى جان ـ دىل بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. ئىبادەتلىرىنى ھەرگىز تاشلىمايدۇ. ئەۋلادلىرىنىڭ ئىمان ۋە ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنى يامان دوستلىرىدىن، زىيالىق كۆرنۈش ۋە نەشرىلەردىن ساقلايدۇ. ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىپ ھەرئىشنىڭ مىنوت ـ سېكۇنتىنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ. سۆزىدە راستچىل بولىدۇ.

« دىن » ۋە دۇنيا ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلمۇغىچە ھېچ ئىچى ئارام ئالمايدۇ. بىر ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەتىسى قىلىدىغان بىر ئىشنى بۈگۈن قىلىدۇ. ئەجدادلىرىمىزدا پۈتۈنلەي بۇ ئەۋزەللىكلەر بارئىدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ئەخلاقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بولساق، بىزمۇ ماددى ۋە مەنىۋى ھەر جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ھەر ئىشىمىزدا مۇۋەپپىقىيەت بىلەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ رىزاسىنى قولغا كەلتۈرىمىز.

مەدەنى ئىنسان، گۈزەل ئەخلاقلىق ۋە زامانىنىڭ پەن بىلىملىردە يۈكسەلگەن كىشىدۇر. لېكىن ئىلىم ـ پەندە تەرەققى قىلغان، ئېغىر سانائىتىنى قۇرغان، پەقەت ئەخلاقى بۇزۇلغانلارنى مەدەنى دىگىلى بولمايدۇ، بۇلار، زالىم، قاراقچى ۋە دىكتاتور دىيىلىدۇ. ئىلىم ـ پەندە ئارقىدا قالغان ۋە ئەخلاقى بۇزۇق بولغانلار ۋەھشى دىيىلىدۇ.

« **مەدەنىيەت** » شەھەرلەر بىنا قىلىش ۋە ئىنسانلارغا خىزمەت قىلماقتۇر. يەنى بۇمۇ، ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە گۈزەل ئەخلاق بىلەن بولىدۇ. خۇلاسە قىلغاندا، ئىلىم ـ پەن، سەنئەت ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىڭ بىرلىشىشى « **مەدەنىيەت** » دىيىلىدۇ.

مەدەنى ئىنسان، ئىلىم ـ پەن، سەنئەتنى، ئىنسانلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. زالىملار بولسا، ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىشقا ئىشلىتىدۇ.

**ئىنسان** مەدەنىيەتلىك بولغان ھالدا يارىتىلغاندۇر. يەنى، شۇنداق يارىتىلغانكى، بىر بىرى بىلەن ئارلىشىش، بىرىيەردە ياشاش، ئۆز ئارا ياردەملىشىشكە مەجبۇرىيىتىدەدۇر. ھايۋانلار، مەدەنى يارىتىلمىدى. شەھەردە بىرلىكتە ياشاشقا مەجبۇر ئەمەس، ئىنسان نازىك، ئاجىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، پىشمىغان تائاملارنى يىيەلمەيدۇ. غىزا، كىيىم ۋە بىنانىڭ ھازىرلىنىشى لازىمدۇر. يەنى، سانائەتكە ئېھتىياجلىقدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، تەجرىبە سىناق قىلماق، تەتقىق قىلماق ۋە ئىشلىمەك لازىمدۇر.

ھەر كىم توغرا ۋە ياخشى يولدا بولۇشى كېرەك. ھەدىس شەرىپتە: « **ھەر كىم ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغاننى سۆيىدۇ. بۇ سۆيگۈ، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدا مەۋجۇتتۇر.** » دەپ بۇيرۇلماقتىدۇر. نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىدىغان

كىشى، نەپسىنىڭ ئارزۇلىرىغا يەتمەك ئۈچۈن ياردەم قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەقىل ۋە ئىلىم ئەھلى بولسا، مەدەنى ئىنسان بولۇشقا ياردەم قىلغانلارنى سۆيىدۇ. قىسقىسى، ياخشىلار ياخشى ئىشلارنى سۆيىدۇ. يامان كىشىلەر، يامان ئىشلارنى سۆيىدۇ.

بىر كىشىنى ئۆزى ياخشى كۆرگەن، دوست - يارانلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ قانداق بىر ئادەم بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دوست - دۈشمەنگە، مۇسۇلمان ۋە كاپىرغا، بىتنەت ساھىبىدىن باشقا ھەر كىمگە، ياخشى سۆز ۋە ئوچۇق چىراي بولماق لازىم.

ئىنسانلارغا قىلىنىدىغان ئەڭ پايدىلىق ئىش، ئەڭ قىممەتلىك ھەدىيە، ياخشى سۆز ۋە ئوچۇق چىرايدۇر. كالىغا چوقۇنىدىغان كاپىرلارنى كۆرگەندە، كالىنىڭ ئاغزىغا سامان بېرىپ، دۈشمەن بولۇشنىڭ ئالدىنى ئالماق لازىم. ھېچكىم بىلەن تالاس - تارتىشقا كىرمەسلىك لازىم. تالاش - تارتىش، دوستلۇقنى ئازايتىدۇ، دۈشمەنلىكنى كۆپەيتىدۇ. ھېچكىمگە غەزەپلەنمەسلىك لازىم. ھەدىس شەرىپتە: «غەزەپلەنمە!» دەپ بۇيرۇلماقتىدۇر.

**مەدەنىيەت** دېمەك، پەقەتلا ئىلىم - پەن دېمەك ئەمەسدۇر. ئىلىم - پەن مەدەنىيەت ئۈچۈن بىر قورال ۋاستىدۇر. ئىلىم - پەندە تەرەققى قىلغان مىللەتلەرنى، ئىلىم - پەننى قايسى يولغا ئىشلەتكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، مەدەنى دېمەك ناھايىتى چوڭ غەپلەت ۋە خاتالىقدۇر.

زاۋۇت - فابرىكالارنىڭ، موتورلۇق ۋاسىتىلارنىڭ، پارخوت، ئايروپىلان، ئاتوم جىھازلارنىڭ كۆپ بولۇشى، كۆزلەرنى قاماشتۇرىدىغان يېڭى كەشپىلەرنىڭ ئېشىشى، مەدەنىيەتنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇلارنى مەدەنىيەت ھېساپلىماق، ھەر قۇراللىق كىشىنى غازى، مۇجاھىدقا ئوخشاتقاندەك بولىدۇ. توغرا، مۇجاھىد بولماق ئۈچۈن ئەڭ يېڭى ئۇرۇش ۋاسىتىلىرىغا ئىگە بولماق لازىم. پەقەت، بۇلارغا ئىگە بولغان، قاتىللىقمۇ بۇلاڭچىلىقمۇ قىلالايدۇ.

پەيغەمبەرلەرنىڭ بىلدۈرگەن دىنلىرىنىڭ ھەممىسى رەھمەتدۇر، ياخشىلىقدۇر. بولمىسا، بۇ ئەمىرلەر ۋە تەكلىپلەر، دىنسىزلەرنىڭ، دىن جاھىللىرىنىڭ ئويلىغىنى ۋە سۆزلىگىنىدەك، كۈلپەت، ئەزىيەت، جاپا ۋە مۇشەققەت ئەمەس ۋە ئەخلاققا نامۇۋاپىق ئەمەسدۇر.

ئىنساغا، بىر نەرسە بۇيرىماي ھەر كىمنى، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىپ، ئويناپ يۈرۈشلىرىنى، يېتىپ قوپۇشلىرىنى ئۆزمەيلىگە قويۇپ بېرىش، ئۇلارغا ياخشىلىق ۋە مەرھەمەت بولمايدۇ. بۇ ياخشىلىق قىلىش ئەمەس، ئەڭ چوڭ خاتالىق قىلغانلىقدۇر.

«تۈركىيە گېزىتىدىن» ئابدۇللاھ